

XINJIANG CIVILIZATION

1992

1

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى



کپینه‌ك توسسولی      روسته‌م ثابلز فوتوسی

شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

41 - يىل نەشرى

1992 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 194 - سان)

# بۇساندا

## مەخسۇس ماقالە

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى ........ مۇھەممەت زۇنۇن 3

## ئەدەبىيات گۈلزارى

تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار ...... مۇختار بۇغرا، قۇتلۇق قادىر، ئەسقەر داۋۇت، ئۆمەر مەتنۇرى 16

لەنجۇ كوچىسىدىكى بىر ئۇيغۇر .............. (ھېكايە) .............. ئەختەم ئۆمەر 21

شېئىرلار .............................. ئىمىن ئەھمىدى 35

## ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر «12 مۇقامى» دا ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى مەسىلىسى.....ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 40

## دانالار مەجلىسى

ھايات ساۋاقلىرى .............................. ئىبراھىم ھەققۇلوۋ 54

## ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇز

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە ھېكمەتلەر ......تەييارلىغۇچىلار: ئا.ئابدۇللا، ئا.خەلپەت، ق.توختى 70

مۇقاۋىدا: قارا چىراغ ئۇسسۇلى (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇسانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى (تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى)



دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش، دېھقانلارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق سۈپىتى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى ئەۋلاد دېھقان، چارۋىچىلارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى دائىملىق ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى؛ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنى فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقى ۋە بۇرژۇئا چىرىك ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇپ، فېئودال خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ، ئۇرۇقداشلىق، قەبىلىۋازلىق قارىشى، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىپ ۋە تۈزىتىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى خىسلەتنى تىكلەشكە يېتەكلەش كېرەك.

(جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» دىن ئېلىندى)



# جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى





مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يوكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،



مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۈپ خۇسۇسىيىتى ۋە تەلىپىنى نەزەرىيەۋى جەھەتتىن مۇكەم-
مەل شەرھلەپ ۋە خۇلاسىلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ زامانىمىزدىكى ئاساسىي مەسىلىلىرىگە
ئېنىق، مۇپەسسەل جاۋاب بەرگەن. «سۆز» پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ
ئىدىيىسىنى، ھەرىكىتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نىشانى بويىچە بىرلىككە
كەلتۈرۈشنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى، ھەر قايسى سەپلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ پروگراممىسى،
شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ قىبلىنامىسىدۇر.

يولداش جياڭزېمىن «1- ئىيۇل»دا سۆزلىگەن سۆزىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك
مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك،
يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش،
سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش،
ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنى-
يەتنى گۈللەندۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى، خەلقنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان،
سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك؛
ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشى، شۇنداقلا
سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشى، دۆلىتىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىشى،
شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشى كېرەك، مىللىي
ئىنكارچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. بۇ،
جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي تەلىپى.»

بۇ بايانلاردا پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق مەدەنىيەت تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى
ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ، ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشىنىڭ
يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى. ئۇنىڭدا مەدەنىيەت مەسىلىسى ۋە قۇرۇلۇشىدا ماركسىزم -
لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش لازىملىقى، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ
مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە
بولغان تۈپ كۆز قارىشى ۋە مەيدانى نەزەرىيە جەھەتتە يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان
ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت خىزمىتى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، ئۇنى
جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى دەپ قەيت قىلىنىپ،
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى
تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇھىم. بۇ نۇقتىنى
مەھكەم ئىگىلەش - ئىگىلىمەسلىك بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ خاراكتېرىنى،
يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا
قوللىنىدىغان فاڭجېن، سىياسەتلىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

يولداش جياڭزېمىننىڭ «1- ئىيۇل»دا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ
ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ماركسىزم - لېنىنىزم،
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشتا ھەقىقىي چىڭ تۇرۇش، ئېلىمىزنىڭ

سوتسىيالىستىك زاماندىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك تونۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك:

**1. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم**

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت — ھازىرغا قەدەر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى تەلەپى يۇقىرى، پۈتۈنلەي يېڭى مەدەنىيەت بولۇپ، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. بىر پۈتۈن مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل مەدەنىيەتنى كونا مەدەنىيەتكە «ۋارىسلىق قىلىش» قىلا تايىنىپ ياراتقىلى بولمايدۇ. ئۇنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىپ بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى — سىستېمىلاشقان، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى پەن. ئۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىمۇ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىنى شەكىللەندۈردى. شۇ ئاساستا پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئائىت بىر قاتار تولۇق ۋە مۇقىم بولغان سىياسەت، فاڭجېنلىرى تۈزۈلۈپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەت ئۇ سىياسەت، فاڭجېنلارنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئىلغار ئەدەبىيات-سەنئەت جەمئىيەتنى ئالغا باستۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئىتى پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. پرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇشى كېرەك.

ماۋزېدوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى—ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. يولداش ماۋزېدوڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرى ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى كىلاسسىك ئەسەر. يولداش ماۋزېدوڭ «نۇتۇق»تا تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر بۇلىقى ئىكەنلىكى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن

خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكى، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىش يولىدا مېڭىشى، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن دەۋر، دۇنياغا قاراش بىلەن ئىجادىيەت، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىش قاتارلىق بىر قاتار پرىنسىپالنى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ھەل قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ئازادلىقتىن كېيىن، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەتئەللىكنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» قاتارلىق مۇھىم ئىلمىي- ئىجادىي تەشەببۇس ۋە سىياسەت، فاڭجېنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى تېخىمۇ تولۇق، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئايلاندۇردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۈپ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۇنىڭ: ئەدەبىيات-سەنئەت خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك؛ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئانىسى؛ خەلق سەنئەتكە مۇھتاج، سەنئەت خەلققە مۇھتاج؛ ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىيغا بېقىنمايدۇ، لېكىن سىياسىيدىن ئايرىلمايدۇ؛ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىش كېرەك قاتارلىق يېتەكچى خاراكتېردىكى پىكىرلىرى ۋە ئىلمىي بايانلىرى ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى يېڭى مەزمۇن، يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، يېڭى باسقۇچتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتلىرىمىزدە پروگرامما خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەت بولۇپ قالدى. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ۋە «دېڭ شياۋپىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پرىنسىپلار پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئېلىمىز يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى.

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىلاشقان، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي دۇنياغا قاراش توغرىسىدىكى ئۆتكۈر ئىدىيىۋى قورال بولغىنى ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت دۇنيا قارىشىنىڭمۇ تۈپ قانۇنىيىتى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تىكلەپ بەردى.

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى- بىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت - ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى پائالىيەتچان، ئىستېتىك ئىنكاسى ئىكەنلىكى؛ يەنە بىرى، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرى پەۋقۇلئاددە ئىدىئولوگىيە بولۇپ، روشەن سىنىپىيلىققا ۋە خاھىشچانلىققا ئىگە بولغانلىقى. بۇ ئىككى نۇقتا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى، رولى قاتارلىق تۈپ مەسىلىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ ئىككى نۇقتىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەندە، «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى مۇھەببەت، ئىنسانىيغا بولغان مۇھەببەت»، «ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ

مەھسۇلى»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىدىيولوگىيىسىزلەشتۈرۈش»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى ئەزەلدىن پاش قىلىش» دېگەندەك بۇرژۇئازىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قاراشلى- رىدىن چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى توغرا يول بىلەن ساغلام راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى پەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنىمۇ تولۇق ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ نىشان ۋە يۆنىلىش جەھەتتىكى بىردەكلىكى بىلەن مەزمۇن، شەكىل، ۋەقەلىك، ئۇسلۇب جەھەتتىكى كۆپ خىللىقىنىڭ دىئالېك- تىكىلىق بىرلىكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدىكى ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئوبزور ئەركىنلىكىنىڭ بىرلىكى، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئورتاق نىشان ئاستىدا شەخس- نىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە شەخسىي ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇشتا كەڭ زېمىن ھازىرلانغانلىقى ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلاردىن ئىبارەت. پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر سىياسەت، فاڭجېنلىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدى- يىسىدىن ئىبارەت ئىلمىي دۇنيا قاراش ئاساسىدا تۈزۈلگەنلىكى، جۈملىدىن خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشى ئاساسىدا ئىجا- دىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغىنى ئۈچۈن جەزمەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە جان تومۇرى. يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنب- بەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ «مەملىكەتلىك تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىدا سۆز- لىگەن سۆز» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «دۇنيا قاراش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ھازىرقى دۇنيادا ياكى پرولېتارىيات دۇنيا قارىشى ياكى بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشى مەۋجۇت. كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش — پرولېتارىيات دۇنيا قارىشى، باشقا بىر سىنىپنىڭ دۇنيا قارىشى ئەمەس» دېگەن ئىدى. ئەگەر يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغاندا، ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، چوقۇم قىڭغىر يولغا مېڭىش كېلىپ چىقىدۇ.

## 2. ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش —— پۈتۈن ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۈپ ئاساسىي يۆنىلىشى

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ـ كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىدىن خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن، ئېلىمىز- دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىردەكلىككە ئىگە.

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەندە، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، كىم ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقى ئېنىق تەكىتلەنگەن. سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەندە، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنىڭ دەۋر مەزمۇنى، ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئاساس ۋە بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى روشەن گەۋدىلەنگەن. شۇڭا، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش-بىر گەۋدە، بىر پۈتۈن سىستېما، دەۋر روھى چاقناپ تۇرغان بىردىنبىر توغرا يۆنىلىش. بۇ توغرا يۆنىلىشتە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن كاپىتالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ چەك - چېگرىسى ئېنىق ئايرىلغان. بۇ توغرا يۆنىلىشتىن چەتنەشكە زادى بولمايدۇ. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلىپى ھەر تەرەپلىمە، كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يادروسى، يېتەكچى تەرىپى قىلىش بىلەن بىرلىكتە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ئىلغار ئىدىيە ۋە بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەرلەرنىمۇ يارىتىپ، خەلقنىڭ خۇشخۇي بولىدىغان قاتلامدىكى، كۆپ تەرەپلىمە، مول، ساغلام مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئىپادىلەشنى تەكىتلەش بىلەن بىرلىكتە مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ كۆپ خىللىقىنىمۇ تەكىتلەش كېرەك. لېكىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ مەزمۇنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلات يارىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا ئاتا قىلغان شەرەپلىك ۋەزىپىسى. شۇڭا، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىي مۇقام بولۇشنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم. يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك: «ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى - ئىشلىرىمىزنىڭ چەزمەن غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى». ئۇ شىنجاڭغا نىسبەتەن

چوڭ ئومۇملۇق. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى مىللەت قارىشى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق بولۇپ ئورتاق گۈللىنىۋاتقانلىقىنى مەدھىيىلەپ، ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىپ، ھەمكارلىشىپ، ئورتاق گۈللىنىدىغان يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. بۇ شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى خەلقنىڭ ئىشى بولغانلىقى، جۈملىدىن ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگوچە ئەدەبىيات - سەنئەت جەزمەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە يولى بىلەن تەرەققىي قىلىشى كېرەك. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدىكى ئىپادىسى بولۇپ پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك فاڭجېنى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، سەنئەت جەھەتتە ئەركىن ئىجاد قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتە ئەركىن مۇھاكىمە - مۇنازىرە قىلىش ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەر بىر گىراژداننىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئەسەر ئېلان قىلىش، ئورۇنداش، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جەمئىيەتكە ئارىلىشىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە ھەر خىل قانۇن - پەرمانلارغا ئەمەل قىلىسىلا، يازغۇچى - سەنئەتكار يازغان، ئوينايدىغان ئەسەرى ۋە نۇتقىنىڭ تېمىسىنى، ۋەقەلىكىنى، شەكلىنى پۈتۈنلەي ئىختىيارىي تاللايدۇ. ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان پىكرىنى، كۆز قارىشىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تەنقىد ۋە قارشى تەنقىد قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. خىلمۇخىل ئۇسلۇب ۋە ئېقىملار رىقابەت ۋە مۇسابىقە جەريانىدا ئەركىن تەرەققىي قىلىدۇ. يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كەڭ زېمىن ھازىرلانغان. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ھەقىقىي ئەركىن ئەدەبىيات - سەنئەت. شۇڭا، بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان جۇشقۇن كەيپىياتنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز، ھەر خىل ئىلمىي كۆز قاراش، سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ بەس - بەستە سايرىشى ۋە مۇھاكىمىسىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، يولداشلارچە تەنقىد ۋە قارشى تەنقىدنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم.

تارىخىي تەجرىبىلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى توغرا تونۇش ۋە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتا، بىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى

«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»نى تەشەببۇس قىلىمىز، بىز زەھەرلىك چۆپلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى ئەمەس، «بارچە گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىش»ىنى تەشەببۇس قىلىمىز؛ بىز ماركسىزم يېتەكچىلىكىدە، خەلقنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىنى ئەمەس، ھەر خىل ئىلمىي كۆز قاراش، سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ ئەركىن مۇھاكىمە قىلىنىشىنى ۋە كېڭىيىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز؛ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى تۈپ مەقسەت ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتە ئەركىن مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنى باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە نەزەرىيە مۇھاكىمىلىرىدە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئادەتتىكى ئىلمىي كۆز قاراش مەسىلىسىنى سىياسىي مەسىلە، مەيدان مەسىلىسى دەپ قارىماسلىقىمىز، جۈملىدىن سىياسىي مەسىلىنى كونكرېت ئانالىز قىلمايلا ئىلمىي مەسىلە، مەيدان مەسىلىسى دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. ئومۇمەن ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى مېخانىزمى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ كۆپ دائىرىدىكى كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا، ئەدەبىيات-سەنئەت يولىنىڭ ماگىستىرالى تېخىمۇ كېڭىيىشىگە پايدىلىق بولۇشى، توغرا يۆنىلىش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇشى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە تېخىمۇ ئىناق، كۆڭۈل ئازادە بولغان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشى لازىم.

### 3. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ھەم چوڭقۇر، كەڭ سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا، ھەم روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا، چوقۇم مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا مېڭىش لازىم.

يولداش جياڭ زېمىن: «جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە ئېسىل مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىق كېرەك» دەپ تەكىتلەپ ئېيتقىنىدەك، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى چوڭقۇر تونۇش لازىم.

ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇنلۇقى، تەسىر تېرەنلىكى، مەزمۇنىنىڭ مولۇقى، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقانلىقى، زېمىن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسى ئارقىلىق دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ، كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۆچمەس شانلىق نۇرىنى چاچماقتا.

بۇ ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ھازىرمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپلا قالماي، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىشنىڭمۇ زۆرۈر شەرتى. شۇڭا، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز لازىم.

ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى شۇنداق ھېسابلايدۇكى، دۇنيادا ئۆزگەرمەس، قاتمال مەدەنىيەت بولمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت تىپىدىكى ئۆزگىرىش ئەنئەنىنى ئۈزۈپ قويماستىن، كونا مەدەنىيەتنى تۈپتىن يوقىتىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەلتۆكۈس قۇرۇتۇۋېتىشنىمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. خۇددى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى كونا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي بولغىنىغا ئوخشاش، يېڭى مەدەنىيەتمۇ ئەسلىدە بار مەدەنىيەت ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى كېرەك. يېڭى مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئېسىل قىسمىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتكە سىڭدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بىر تەرەپتىن تارىخنى ئۈزۈپ قويۇشقا، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلىدىغان مىللىي ئىنكارچىلىققا، تارىخ ئىنكارچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، «پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش»تەك خاتا سىياسىي تەشەببۇسقا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە مەدھىيىلەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ماركسىزملىق ئىلمىي تەھلىل كەمچىل بولىدىغان ئۇسۇللارغىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغاندا، چوقۇم تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش لازىم. تارىخىي مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت شۇ دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، ئىدىئولوگىيە شەكلىنى ئالغان بولۇپ، ھامان روشەن سىنىپىيلىككە ۋە ئىدىئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ مەدەنىيىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك مەدەنىيىتى بولىدۇ. دېمەك، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك مېغىزىمۇ، فېئوداللىق شاكىلىمۇ بولىدۇ. بىز ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىز، تاللىشىمىز لازىم. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى، دېموكراتىك مەزمۇن بىلەن فېئوداللىق ئەخلەتنى پەرق ئەتمەي شۇ پېتىلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىگە كۆتۈرۈپ چىقىش كونسېرۋاتىپلىق، ئارقىغا چېكىنىش بولۇپ، بۇ خىل خاھىشنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم.

تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پەقەت بىر ئاساس، بىز يېتىدىغان نىشان يەنىلا «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش»، ئىجاد قىلىش ۋە يېڭىچە مىللىي مەدەنىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

4 - مايدىن بۇيانقى ئىنقىلابىي مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي، مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ زور ئېقىنى، ھەرگىزمۇ مەنبە ئەمەس. ۋارىسلىق قىلىش - يېڭىدىن ئىجاد قىلىشنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلمەيدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەسى

يەنىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى. يېڭى، مىللىي مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ تۈپ يولى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتا قىلغان ھالدا مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىدىن ئىجابىي پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، ئۇنى يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلىپى بويىچە سوتسىيالىستىك يېڭى، مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتا «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

بىز ھەم مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ھەم چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى ئەيىنەك قىلىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بۇ يالغۇز سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەيىنەك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئەيىنەك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت مەدەنىيەت بىلىملىرى، سەنئەت شەكلى، بەدىئىي ماھارەتنىلا قوبۇل قىلىش، ئەيىنەك قىلىشنىلا ئەمەس، ھەتتا ئىدىيىۋى مەزمۇننى قوبۇل قىلىش ۋە ئەيىنەك قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئىجاد قىلغان مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى، مەنىۋى بايلىقلارنى چۈشىنىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، ئەيىنەك قىلىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى، شۇنداقلا خەلق ئامىمىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. لېكىن چەت ئەلنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، ئەيىنەك قىلىشتىكى مەقسەت ئۆزىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ خىل قوبۇل قىلىش، ئەيىنەك قىلىش جەزمەن ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى، ئۆز مەدەنىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈلۈشى لازىم. ھەر قانداق مەدەنىيەتنى ئالدى بىلەن دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئېتىراپ قىلىشى، قوبۇل قىلىشى لازىم، ئاندىن دۇنيا سەھنىسىدە تېگىشلىك ئورۇن ئالالايدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمىغان، ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشمىگەن ھەر قانداق مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتى بولمايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتا قىلغان ھالدا چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگەرتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش — بىزنىڭ تۈپ نىشانىمىز. شۇڭا، چەت ئەل مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندا جەزمەن «چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش لازىم.

### 4. ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنى ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشىگە تاقابىل تۇرىدىغان پولات ئىستىھكام قىلىش قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم

يولداش جياڭ زېمىن «1 - ئىيول» دىكى سۆزىدە: «يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ سىنىقىغا داۋاملىق دۇچ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلاھات

ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىنىقى، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ سىنىقىدىنمۇ دۇچ كەلمەكتە» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ئۈچۈن رېئال تەھدىت بولۇپ قالىدۇ»، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى «ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشىگە تاقابىل تۇرىدىغان پولات ئىستىھكام قۇرۇشتىن ئىبارەت» دېدى. ئۇ يەنە ئۆز سۆزىدە: «ئىدېئولوگىيە ساھەسى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم ساھەسى»، «بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش - ئىشلىمەسلىك سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياكى مەغلۇب بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بىزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە تونۇپ، سوتسىيالىزم كاپىتالىزم ئۈستىدىن جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ، دېگەن ئېتىقادنى قەتئىيلەشتۈرۈشىمىزدە، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئاڭلىقلىقىمىزنى كۈچەيتىپ، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تېخىمۇ ياخشى چىقىشىمىزدا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى دۇنيادا سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈم، ئىككى چوڭ ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ قارشىلىقى ۋە كۈرىشى - تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنمەكتە. ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۈيىقەستى - ئېلىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئەمەلىي خەۋپ بولۇپ تۇرماقتا. ئىدېئولوگىيە ساھەسى ئەنە شۇ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇھىم سېپى، ئاساسلىق جەڭ مەيدانى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى بولسا، ئالدىنقى سەپ بازىسىدۇر. شۇڭا، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى پولات ئىستىھكام قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇھىم ساھەسى بولغان ئاخبارات، نەشرىيات، مەدەنىيەت، سەنئەت، نەزەرىيە تەتقىقاتى تارماقلىرى تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ماركسىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق بارلىق ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنى ئىگىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا ھەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، ھەم چەت ئەللەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مەدەنىيەت بازارلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرتىپكە سېلىش ۋە ساپلاشتۇرۇش لازىم. تەرتىپكە سېلىشنى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، جامائەت پىكرىنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇپ، بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنى

ئۈنۈملۈك چەكلەپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش يولىدىكى سۇيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىشىمىز كېرەك. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە تەربىيىسىنى ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە تەربىيىسى غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، لېكىن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ نەزەرىيە ئاساسى ۋە ئىدىيىۋى تەسىرىنى تۈگىتىش ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇشەققەتلىك ۋەزىپە. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى تەرغىب قىلغان «سوۋېيېكتىپ ئىدېئالىزم»، «غايىسىزلاشتۇرۇش»، «سىياسىيسىنى سۇسلاشتۇرۇش»، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا سەل قاراش، غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش قاتارلىق خاتا ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى تېخىچە تولۇق تۈگىگىنى يوق، فېئوداللىق خۇراپىي ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى تېخى مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش — تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ماسلاشتۇرغۇچى كۈچى. «بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن تۆت ئاساسىي پىرىنسىپ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق ۋە كۈرەش، ماھىيەتتە، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن چىڭ تۇرماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش، لېكىن بۇنداق سىياسىي كۈرەش دائىم ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىدىيە، نەزەرىيە كۈرىشى سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ ئىپادىلىنىدۇ». شۇڭا ئىدېئولوگىيە جەھەتتە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش چەكلەنمىسە، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇلمىسا، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش — ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش. بىز بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ تەسىرىنى داۋاملىق تۈگىتىشىمىز، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە ئاساسىنى بىرلەپ تۈگىتىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلساق ئىدىيە مۇقىم بولالايدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولالايدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەش ۋە تەربىيىنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بوشاشماستىن ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىش لازىم.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئىنكاسىدۇر. ئۇ خەلقئارادىكى پانتۈركىزم ئىدىيىۋى ئېقىمى بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئاساسىي خەۋپ بولۇپ قالدى. خەلقئارادا بەزى رايونلاردا پانتۈركىزم ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا چوڭقۇر تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مىللەت، دىن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابى ۋە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابىنى تەنقىد قىلىشنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنى تەرغىب قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىكى ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلىشىمىز، ئىدىيە، نەزەرىيە ئاساسىنى ئېچىپ تاشلىشىمىز كېرەك. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دېموكراتىك سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمىدىن پايدىلانماقتا. دېموكراتىك سوتسىيالىزم بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ماھىيەتتە بىر نەرسە بولۇپ، ھەر ئىككىسى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئىنكار قىلىپ، «ئومۇمىي خەلق دېموكراتىيىسى»، «ئومۇمىي خەلق دۆلىتى»نى تەرغىب قىلىدۇ؛ ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيىدە كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ھازىرقى زامان دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەمەلىي سوتسىيالىزمغا تۈپتىن قارشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېموكراتىك سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرى، ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇرژۇئا پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىنكاسى، جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بەزى جايلىرى ئۆزگەرتىلگەن كاپىتالىزم تۈزۈمى. مەيلى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بولسۇن، مەيلى مىللىي بۆلگۈنچىلىك بولسۇن، مەيلى دېموكراتىك سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمى بولسۇن ماھىيىتى بىردەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پىكىر ئېقىمى ۋە دېموكراتىك سوتسىيالىزم پىكىر ئېقىمى بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشىمىز، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «مەدەنىيەت» جەھەتتە سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى يولغا قويۇشتىكى سۈيىقەستىدىن ھوشيار بولۇشىمىز، ئۇنى سېزىۋېلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا بايرىقى روشەن ھالدا سوتسىيالىزم مەيدانىدا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مۇكەممەل بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت دەۋرنىڭ بۇ باش تېمىسىنى دەل ۋاقتىدا كۈچلۈك ھالدا ئىپادىلەش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسىنى سەگەكلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان ئىتىقادىنى مۇستەھكەملەش، بۇرژۇئازىيىنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۈيىقەستىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت جىددىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور تېمىلارنى كۆپلەپ يېزىشقا، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان دەۋر روھىغا باي، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا تەشكىللەش، ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە ئىنسان روھىنىڭ لاياقەتلىك ئىنژېنېرى بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

يۇقىرىدىكى بىر قاتار خىزمەتلەر ئۈنۈملۈك ئىشلەنگەندىلا، پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت بازىسىنى سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئىگىلەپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى پولات ئىستىھكامغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

1991 - يىل 20 - نويابىر






## چۈشۈمدىكى ئاچچىق تەبەسسۇم

مۇختار بۇغرا

بەزىلەر: «ئۆز ئىستىقبالىنى ئويلىمىغان، ئۆز ئىستىقبالىدىن ئەندىشە قىلمىغان كىشى سېپى ئۆزىدىن ساراڭ» دەيدۇ.

مېنىڭچە: «ئەنە شۇنداق كىشىلەرلا ھەقىقىي ئەزىمەت!»

* * *

يەڭگىللەي دېسەڭ سەنمۇ تولغاق ئازابى تارتىپ باق.

* * *

ئەتىگەندە يارىمغا: «يامان چۈش كۆرۈپتىمەن» دېسەم، يارىم: «چۈش دېگەن تەتۈرسىگە ماڭىدۇ» دەپ تەسەللىي بەردى.

كەچتە خوشلىشىدىغان چاغدا: «ياخشى چۈش كۆرۈڭ» دەپ ئۇزىتىپ قويدى.

ئاھ، خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!

* * *

ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ياراتقان شېئىر — ھاياتلىقنىڭ بىر ئۇلۇغ تىنىقى.

* * *

چۈشۈمدە بىر بۆرىگە يولۇقۇپ قاپتىمەن. بۆرە دېگەن مەخلۇقنى مۇشۇ يېشىمغىچە ئۇچرىتىپ باقمىغاچقا، پېشانەمدىن تەر ئېقىپ، گېلىم قۇرۇپ، زۇۋانىم چىقماي قالدى.

ئەگەر زۇۋانىم چىققان بولسا، «ۋاي ئانام» دەپ چاقىرماقچى ئىدىم. ئۆرە تۇرۇۋېرەي دېسەم، قورقۇنچتىن پۇتۇمدا مادارىم قالمىغان، ئولتۇراي دېسەم، بۆرىنىڭ «يەردىن چالما - تاش ئېلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىپ ئېتىلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. تۇرۇۋېرەي دېسەم...... پەرۋەردىگار ماڭا مەدەت بەرگەيسەن!!! دەرھال بويىنۇمغا ئېسىقلىق بۆرە ھوشۇقى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئانام ئۇنى: «مۇشكۇلگە، خەتەرگە يولۇقساڭ سېنى قۇتۇلدۇرىدۇ» دەپ تۇمار قىلىپ ئېسىپ قويغان ئىدى. مېنى تېخىمۇ سۈر باستى. بۆرە بۇ ھوشۇقنى كۆرۈپ قالسا، قىساس ئالارمۇ؟ «سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭ مېنىڭ ئەجدادىمنى ئوۋلىغان ئىكەن -دە» دەپ بوغۇۋېتەرمۇ؟ دېگەن ئوي كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە كەچتى. بەدىنىمنىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىدىن سۇ ئاقاتتى، چىشلىرىم كاسىلدايتتى. كۆزۈم تۇساتتىن بۆرىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىغا چۈشۈپ قالدى، ئاشۇ چىشلارنىڭ مېنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. كۆزۈمنى بۆرىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىغا تىككىنىمچە ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: «بۆرە مېنىڭ قورقۇنچاقلىقىمدىن ئاچچىق تەبەسسۇم قىلىۋاتامدىكىن؟!...»

* * *

دۇنيا ھەم ھاياتنى ھەر قانداق بەندە مۇكەممەللىكتە كۆتۈرەلىگەن ئەمەس. پەقەت ۋە پەقەت ئەمەلدا تۇغۇلغان بوۋاق دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى شېرىن چۈشكە، ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى «ئۆلۈم»گە ئوخشىتالمايدۇ.

* * *

تاغلار نىدا قىلدى:

- ئەي قۇم دېڭىزى، سېنىڭ زېمزەمىلىرىڭنى قايسى دېڭىز، قايسى ئوكيانلار سۈمۈرۈپ ئېلىپ كېتىۋاتىدىكىن؟!

دېڭىز - ئوكيانلار شاۋقۇن كۆتۈردى:

- ئادەملەر دېڭىزى!!!...

* * *

يەر ئانىنىڭ قىش - زېمىستاندا مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنى يالىڭاچ قويۇپ، ئەنجۈر دەرىخىنى ئىسسىق قويىنىغا ئالغانلىقىنى كۆرگەن ھاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئاتا ھەيرانلىقتىن تەڭلا سوراشتى: بۇ نېمە سەۋەبتىن؟

- پەرزەنتىڭلارغا چېچەكنى كۆز - كۆز قىلماي، بىر يازدا ئۈچ مەرتەم مېۋە بەرگەنلىكى ئۈچۈن!- دەپ جاۋاب بەردى يەر ئانا.

* * *

## دانىخورەك

قاچانكى چۈشتى ساڭا كۆزۈمنىڭ قىرى،
بالاغەتكە يەتتىم شۇنىڭدىن بېرى.

* * *

ئۇ ئىشىكىم ئالدىدىن ئۆتتى. ئىنچىكە ئۇسما قويۇۋالغان ئىدى. قەدەم تىۋىشى ئاڭلانمىغىچە قاراپ تۇردۇم.

ئۇ ئىشىكىم ئالدىدىن ئۆتتى. چىرايلىق گىرىم قىلىۋاپتۇ، چېچىۋالغان ئەتىرى دىمىقىمنى مەست قىلدى. قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇردۇم.

ئۇ ئىشىكىم ئالدىدىن ئۆتتى. كېچىكىپ چىقىپ قالغاچقا، كالاچ ئىزىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم.

ئۇ ماڭا تونۇكۇنمۇ قارىمىغان، بۈگۈنمۇ قارىمىدى، ئەتىمۇ قارىمايدۇ.

* * *

سەن ھېچقانداق قۇش، ھېچقانداق ھايۋان، ھېچقانداق ئىنسان بىلمەيدىغان ناخ-

شىنى بىلسەن، ئۇ مۆجىزانە سىر ئەمەس، بەلكى سەندىكى جىلۋىلىك تەبەسسۇم!

* * *

دوستلۇق

كۆكتە بولارمۇ دوستلۇق يۇلتۇزى؟
يەردە بولارمۇ دوستلۇق يىلتىزى.
دىل يانچۇقىدىن ئوغرىلاپ ئاپتۇ،
بۈيۈك ئۇرۇقنى ساما ئېتىزى.

* * *

ئۇگۇمدىكى ئىتلار چۈشۈمدىكى ئىتلارنى تالاپ كەتتى.

* * *

يوشۇرمىغىن سىرىڭنى، قىزچاق. ياپراق كەبى تەنلىرىم سۆيگۈ دەرىخىڭنىڭ قوۋزاق تاشلاپ قىپيالىڭاچ بولۇۋالغانلىقىنى سەزدى.

يوشۇرمىغىن سىرىڭنى، ئامرىقىم. سىرىڭنىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ، قەلبىڭدىكى كۈيلەر ئاپئاق كېچىلەرگە، چۆلدىكى بولاقلارغا چېچىلىپ كەتتى.

* * *

مەن ئۇششۇق سودىگەر، ئانا. چۈنكى دادام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەتنى تۇنجى يىغام بىلەن سېتىۋالدىم.

مەن تۇغما سودىگەر، زېمىن. چۈنكى تېنىمگە سۈركەلگەن ئۇپىنى سېنىڭ توپاڭغا تېگىشتىم.

مەن بېخىل سودىگەر، ياشلىق. چۈنكى بىر تال غۇنچەمنى سېنىڭ دەستە - دەستە گۈلىڭگە ئالماشتۇرۇشقا كۆزۈم قىيمىدى.

مەن قارام سودىگەر، نىگار. چۈنكى سېنىڭ تەبەسسۇمىڭ ئۈچۈن بىساتىم - يۈرىكىمنى تاۋاكاغا قويۇپ، دوغا تىكتىم.

مەن ئاقىل ھەم نادان سودىگەر، تەقدىر. چۈنكى سېنىڭ مازىرىڭ مېنىڭ بازىرىمنى ھامان ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، لېكىن سېنىڭدىن يىغلايمەن، كۈلۈشىمنى بىلمەيمەن.

* * *

شائىر، چۈش ۋە ئېزىتقۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يازالمىغىنىڭدەك شېئىر ۋە ناخشىنىڭ تەرجىمىھالىنى مەڭگۈ يازالمايسەن.

* * *

قۇياش چاچلىرىمنى ئويناپ، يۈزلىرىمنى سىلاپ، كۆزلىرىمگە نۇر بەردى، نۇردىن يول ياساپ يېنىغا چاقىردى، مەن جابدۇندىم.

پۇتۇم يەرگە يىلتىز تارتىپ قالدى، بىر كېچىدىلا يەر شارى قۇياشنى يوشۇرۇۋالدى.

* * *

دۇنيا جەننەت ئەمەس، دوزاخمۇ ئەمەس. خۇدا جەننەتنى ياراتماقچى بولغاندا، دوزاختا ئۇل قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان.

* * *

ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان گۈل ئەركىن گۈل ئەمەس، قۇل. خالىغانچە ئۇزۇپ بىراۋغا تەقدىم قىلماقچى بولساڭ بېرىۋېتەلەيسەن، سېتىۋەتمەكچى بولساڭ سېتىۋېتەلەيسەن.

* * *

شېئىر ئىككى بوغۇم سۆز، بىر بوغۇمى چۈش، يەنە بىر بوغۇمى رېئاللىق!

* * *

سۆيگۈمنى ئىزھار قىلماقچى ئىدىم،
تىلسىز ئىكەنلىكىمنى نەدىن بىلەي!
سېنى تاپماقچى ئىدىم، كۆرۈپلا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي؟
بەخت تىلەپ بارغان ئىدىم، بار بەختىمنى يوقىتىپ كېلىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي؟
چاقماق تېزلىكىدە بېرىپ، سىنىم - سىنىم

يامغۇر بولۇپ قايتىشىمنى نەدىن بىلەي؟

* * *

ئوقۇرمەن!

تېخىمۇ كۆپچىسۇن قەدىر - قىممىتىم ھەمدە ئىجادىم. ئىشقىڭدىن يوغانراق خېمىر تۇرۇچ سال!

## شېئىرلار

### قۇتلۇق قادىر

**شەبنەم**

گۈل بەرگىدە
شەبنەم.
بۇلبۇلنىڭ
يېشىمىدۇر؟
كېچە يارىنى ئىزدەپ چىققان ئايىنىڭ
چۈشۈپ قالغان مۇنچىقىمىدۇر؟

**تەۋرەش**

مەن تەۋرەشنى
بىلمەيتتىم ئانا،
ئۆزۈڭنىڭ ئۆگەتكەن.
بۆشۈكىمنى
تەۋرىتىپ ماڭا.

**تاڭ**

چىللىغاچقا خوراز ئېگىز - پەس،
تاڭ ئاتقاننى بىلمەك بولدى تەس.

### ئىككى شېئىر

**ئەسقەر داۋۇت (ئوقۇغۇچى)**

**يۈرەك**

قىپقىزىل يېلىنجاپ تۇرغان چوغ يۈرەك،
بەزەن چاغدا تاڭ لېۋىدىكى
ئۇلۇغۋار قۇياشقا قالىدۇ ئوخشاپ.

قىپقىزىل يېلىنجاپ تۇرغان چوغ يۈرەك،
بەزەن چاغدا شەبىستاندىكى
زەر يۇلتۇزدەك كېتەر چاراقلاپ.

قىپقىزىل يېلىنجاپ تۇرغان چوغ يۈرەك،
بەزىدە ئوت - لاۋا ئىچىدىكى
بىر پارچە لوق كۆشكە قالىدۇ ئوخشاپ.

**ئەجەلگە**

ئەجەل،
ئەي ناكەس،
نېمىشقا ياخشىلار بىلەن بولۇۋالدىڭ
دوست،
نېمىشقا يامانلار ساڭا ناتونۇش.
نېمىشقا پانىيدا ئەتىمدىك بەجا،
تەگرى پەرمانىتى توغرا ۋە دۇرۇس؟!

## نەسىرلەر

### ئۆمەر مەتنۇرى

**كۈلكە**

مەن دوستۇم بىلەن كۈلكە ھەققىدە تالىشىپ قالدىم، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنىمۇ كۈلكە، مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىممۇ كۈلكە ئىدى. نېمىشقىدۇر بۇ كۈلكىلەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايتتى. ئۇ سۆزىنى دەلىللەپ مەجنۇنتال ئارىسىدا ئوتلۇق بېقىشلار بىلەن تەبەسسۇم قىلىۋاتقان كۈلكىلەرنى، بەختتىن مەست بولغان قىز - چوكانلارنىڭ، يىگىتلەرنىڭ ئېچىلىپ كۈلۈشلىرىنى كۆرسەتتى. مەن بولسام كەچكۈزنىڭ ئاپتىپىغا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاپتاپتا ئىسسىنىۋاتقان چىشسىز، چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، يۈزلىرى خۇددى قېرى توغراقنىڭ غوللىرىدەك قورۇق بېسىپ كەتكەن موماي بىلەن بوۋاينىڭ نەۋرىسىنى ئەركىلىتىپ كۈلۈشلىرىنى كۆرسەتتىم. بەلكىم مېنىڭ روھىم بەك بالدۇر قېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

**قېرى توغراق**

قۇم كۆكسىدە يېشىل نۇر چاچرىتىپ، بەھەيۋەت قامىتى بىلەن ھەممىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغان قېرى توغراقنىڭ بورانسىز

كېچىدە يىقىلغىنىنى ئەجەب. مەن گويا بىرسى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك ئازاب ئىچىدە توغراقنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ، شەرقتىن ئوتقاشتەك نۇر چېچىپ كېلىۋاتقان قۇياشقا ياندىشتىم. ئۇ راستىنلا يىقىلغان ئىدى. ئۇنى 200 يىللىق بوران - چاپقۇن، جۇدۇن، تومۇز، زىمىستان سوغۇق، قۇرغاقچىلىق يىقىتالمىغان ئىدى. نە ئۈچۈن ئەمدى...؟ تەگسىز خىياللار بىلەن ئۇنىڭ زېمىننى باغاشلاپ ياتقان يىلتىزىغا قارىدىم ۋە چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى قىلقان تومۇردەك يىلتىزىغا قۇرت ئۇۋا سالغان ئىدى. كىم بىلسۇن شۇ كىچىك قۇرتنىڭ ئۇنى يىقىتىشىنى؟

مەن ئەتراپقا قارىدىم. چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بوران ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلايتتى. قۇم زور كەلكۈندەك ئاقاتتى. مەن ئانچە قورقۇپمۇ كەتمىدىم. نېمىشقىدۇر توغراقنىڭ يىلتىزىدا ئۇۋا سالغان قۇرتقا بىر خىل قورقۇمسىراش بىلەن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردۇم ۋە نېمىنىدۇ بىلگەندەك ھاياتقا باشقىدىن كۆز تىكتىم.

## پىچاق

قىنىدا ئۆلگەن روھ، قولدا ۋەھشىي قاتىل.

* * *

ئۆزۈمنى بۈركۈتنىڭ كۆزىدىن تاپقاندىن بېرى، ھەقىقەتنىڭ ئىزىدىن ماگالىدىم.

* * *

مەن ناخشامدىن ئايرىلغاندا، روھىمنى ھايۋانات دۇنياسىدا كۆردۈم.

## ھېكمەتلەر

زاھىد ئىبىن سىنادىن سورىدى:

— ئەڭ سېخىي كىم؟

— بىراۋغا نەرسە بەرگىنىدىن خۇرسەن بولغان كىشى.

— ئادەملەر دائىم تىلەيدىغان ۋە كەم تېپىلىدىغان نەرسە نېمە؟

— سالامەتلىك، توغرىلىق، خۇشاللىق ۋە خالىس دوست.

— قانداق ياخشى ئىش ئاقىۋەت ئەيىبكە قالىدۇ؟

— مىننەت بىلەن قىلىنغان ساخاۋەت.

— قانداق نەرسە ئىلىمنى بېزەيدۇ؟

— توغرىلىق.

— مەردلىك نىشانى نېمە؟

— كەچۈرۈش.

— ئادەملەرنىڭ قايسى خىلى ئەقىللىقراق؟

— كۆپ بىلىپ ئاز سۆزلىگەن.

— مەقسەتكە يېتەلمەسلىكنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ئىشنى ئارقىغا تارتىش.

— قانداق كىشىدىن مەسلىھەت سورىسام غەمگە دۇچار بولمايمەن؟

— ئۈچ خىسلەتكە ئىگە بولغان كىشىدىن: يەنى ئېتىقاد ئىگىسىدىن، ياخشى دوستلىرى بار كىشىدىن ۋە كۈچلۈك بىلىم ئىگىسىدىن.

— ئاۋۋال ئەرزىمەس كۆرۈنسىمۇ، كېيىن كۈچىيىپ كېتىدىغان نەرسە نېمە؟

— ئويۇنغا بېرىلىش، قوپاللىققا ئادەتلىنىش، ئىشقا ئېتىبارسىزلىق.

— قانداق كىشىلەر خارلىقتا ئۆتىدۇ؟

— راستچىل ۋە پاك بولمىغان كىشىلەر.

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شېرىپ خۇشتار



# لەنجوكوچىسىدىكى بىر ئۇيغۇر



(ھېكايە)

ئەختەم ئۆمەر

## 1

يىگىرمە كىلومېتىر يولنى قىستاڭ ئاپتوبۇستا ئۆرە تۇرۇپ كېلىپ ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى تاپالماي بىر سائەت تەمتىلەپ يۈردۇق. بۇ كوچىدا بىر ئۇيغۇر ئاشخانا ئېچىپتۇ، ئاش مانتا بارئىكەن، دەپ ئاڭلاپ كەلسەك، قېنى ئۇ ئاشخانا؟ ئاخىرى بېرىپ تېگىگان قاسساپتىن بىر كىلو قوي گۆشى ئالدۇق. سەككىز تۈگىگان ئاشخانىسىغا كىرىپتىمىز، بىر كىلو گۆشنىڭ پۇلىدىن جىق پۇل بېرىلى دېسەك پىششۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. خام گۆشنى قانداق قىلىمىز، كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇق. چىمەن دوپپا، ئاھ، چىمەن دوپپا. دادامنى، ئاكامنى، ئەڭ يېقىن ئادەمىمنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدىم. «جۈرۈڭ، ئەمدى تاپتۇق». يىراقتىنلا كىرلىشىپ، شاپاقلىشىپ كەتكەن بىر چىمەن دوپپىلىق ئۇيغۇرنى كۆرۈپ قېلىپ يۈگۈردۇق. پاتقاق كېچىپ، لاي چاچرىتىپ، ئادەملەرگە سوقۇلۇپ يۈگۈردۇق.

— ماۋۇ ئىككى شىنجاڭلىق ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.

بۇ كەپلەرگە پەرۋايىمىز پەلەك. چىمەن دوپپىلىق ئۇزۇن چاچ ئادەم يەنە بىر تار كوچىغا بۇرۇلۇپ كەتتى.

— ئاپلا، يىتتۈرۈپ قويىمىزدۇق. ھامانلاي كەچتۇق، تاز بولساڭ قۇلاقچە ...

بىز خالتا كوچىغا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. بۇ يەردە خەنزۇ، تۇڭگان مېۋە - چېۋە سودىگەرلىرى ھەر خىل مېۋىلەرنى تىزىۋاپتۇ. قالدىسى ئەرەبچە خەت يېزىلغان تاختىچاق ئېسىۋالغان تۇڭگان ئاشخانىلىرى.

— ۋوي، يەنە بىر ئۇيغۇر. ئىككى ... ئۈچ ... ئۇيغۇرلار خېلى بارئىكەنغۇ...

كالىنىڭ توققۇز تونلۇقىدەك ئاغزى تار، ئىچكىرىلىگەنسېرى كەڭرىيىپ ماڭىدىغان بۇ كوچىدا ئۇيغۇرلار ئانچە - مۇنچە كۆرۈنگىلى تۇردى. تۇڭگان دوپپىسىنى كىيىۋالغانلار، شەپكە كىيىۋالغانلار، يەنە ئۇزۇن چېچى مۈرىسىگە ساڭگىلىغانلار. بىز ئۇلارغا شۇنچە يېقىن ھېسسىياتتا تىكىلدۇق، ئەمما ئۇلار پەرۋاسىز. كۆپلىرى بىر تۇڭگان چوكانىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ چىقىۋاتىدۇ. دېرىزىسىدىن قارىساق، ئاشخانىدا لىققىدە ئۇيغۇرلار ئولتۇرىدۇ. ئۇلار بىزگە تاماكا ئىسى ئارىسىدىن بويۇنداپ قاراشتى.

ئاشخانا ئىچىدىن بورا قومۇشىدەك ئېگىز، بەدرەڭ چىراي، كەپكە كىيىۋالغان، ئۆسۈك چاچ - ساقاللىرى ئۇنى سۇرلۇك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىرسى چىقتى.

— ھە، يېڭى كەلدىڭلارمۇ؟...

— ھەئە.

— قارىغاندا، مىڭزى شۆيەنىنىڭ① ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشايسىلەر - ھە؟

— ھەئە. قانداق بىلىۋالدىڭلا؟

— ۋوي، بىز لەنجۇدا دائىم بارتۇرساق، تۆت توك - توك ئۇيغۇرنى بىلمىسەك، بۇ خەنسۇ شەھىرىدە ياشىمايمىز - دە.

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ قىزىل كۆزى، كۆكۈرۈپ كەتكەن كالپۇكى ئارىسىدىكى تۆۋى قارىداپ كەتكەن ئالتۇن چىشلىرى تازا بىر بەڭگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

— قېنى، ئاشخانىغا كىرىڭلار، لەغمەنلا بار.

— بىز مەشەدە بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى باردەپ ئاڭلاپ ...

— مانا مۇشۇ. شىنجاڭدىن چىقىپ مۇشۇ تۇڭگان خوتۇننى ئالغان. لەغمەن ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇپ، لەغمەنخانا ئېچىۋالدىم. لەنجۇغا چۈشكەن ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە تاماق يەيدۇ، باشقا ئۇيغۇر ئاشخانىسى يوق. بۇ خوتۇن شىنجاڭدىكى خوتۇنۇمدەك ئېتەلمىسىمۇ، ئىش قىلىپ مەن ئۇيغۇرغا خوتۇن بولغاندىن كېيىن، قولىغا ئۇيغۇرچە تەم پەيدا بولدى. قېنى كىرىڭلار ...

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئەمال ئېپىمىزنى دېيەلەي قالدۇق.

— ھە ... بىز بۇ ئاشخانىنى تاپالماي بىر سائەت ئايلىنىپ ئاخىرى گۆش پىشۇرۇپ يەپ كېتىلى دەۋاتساق تېپىۋالدۇق. ھازىر لەغمەننى تازا سېغىنىدۇق، ئەمما لەغمەن يېسەك ماۋۇ گۆشنى نېمە قىلارمىز ... شۇڭا قانچە پۇل ئالسىلىمۇ بۇ گۆشنى پىشۇرۇپ بەرسىلە. كۆندە بولمىسىمۇ ئەتكى كۆندە بىر كېلىپ ساۋاقداشلار بىلەن لەغمەن يەپ كېتىمىز ...، - دېدىم مەن.

بەدرەڭنىڭ چىرايى بۇزۇلدى.

— سىلەر قەيەردىن؟

يۈرىكىم جىغ قىلدى.

① مىنزۇ شۆيۈەنىنىڭ - مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ دېمەكچى - ئا.

- بىز قەشقەردىن.

- مەن گۆش پىشۇرالمايمەن. ئاۋۇ يۇقىرى تەرەپتە غۇلجىلىق ئابلەت دېيدىغان بىرسىنىڭ ئاشخانىسى بار. شۇنىڭ تېگى قەشقەرلىق. دۇكىنىدا نەس باسقان ئادەملەر كىرىدۇ. شۇ پىشۇرۇپ بەرسۇن.

چىرايىم تاتىرىپ ئۇنىڭدىن بەتتەر بەدرەڭلىشىپ كەتتىم.

- سىلى قەيەرلىك؟

ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قاردى. پەي - تومۇرلىرى تارتىشىپ تۇرغان قوللىرىدا مېنى مەنتاك قايناۋاتقان قازانغا تاشلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازى يامان.

- مەن شايارلىق: ئاڭلاپ قوي: لەنجۇنى شايارلىق سورايدۇ. غۇلجىلىق، خوتەنلىك، قەشقەرلىق دېگەنلەر كۆتۈكنى قىسىپ يۈرۈشەك ئوبدان، بولمىسا ...

- جۇرۇڭ ... جۇرۇڭ، قىپقىزىل ساراڭكەن، تەك بولمايلى.

كانىيىمىغىچە تويۇپ، قورسىقىم كۆپۈپ، سۆرۈلۈپ ماڭدىم. بىز ماڭغان چاغدا ئاشخانا ئىچىدە تىقىلىپ ئولتۇرغان ئەر - ئاياللارنىڭ ۋالاقلاپ كۈلۈشلىرى جىنىمىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

بىز تېخىمۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇللاشقىنى تۇرغان كوچا بىلەن ئېگىز لەپ باردۇق. يول بويىدا قورۇلۇش قىلىنىۋاتقاچقا، شۇنچە بىزەپ. پۇتىمىزنى ئاران يۆتكەپ ماڭدۇق.

- مەيەردىكەن.

پەس بىر يەردىن جىممىدە ئولتۇرغان ئۈچ ئۇيغۇر بار بىر ئاشخانا كۆرۈندى.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭلار، كېلىڭلار.

ئاۋۋال چىمەن دوپپىلىق، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىرسى بىلەن، ئاندىن شەپكىلىك، قىرىق ياشلاردىكى بىرسى ۋە ئاشپەز كىيىمى كىيىۋالغان، ياشلا، قەشقەرلىقتەك كۆرۈنىدىغان يەنە بىرسى بىلەن كۆرۈشتۇق. بۇدرە چاچ بىر ئۇيغۇر چوكان بىز بىلەن كورۈشۈپلا ئىشىككە ماڭدى.

- ھەي ... ماڭا قاراڭ. بىكا... تۇڭگان، خەنسۇ خوتۇنلارغىمۇ خەجلەيدىغان گەپ. ئۇنىڭدىن سىزگىلا خەجلىسەك ... نەمۇ - نەدە قاڭقىپ يۈرمەي بىز تەرەپلەرگىمۇ كېلىپ تۇرۇڭ جۇما، - دېدى چىمەن دوپپىلىق ھاياسىزلىق بىلەن كۈلۈپ.

- شۇڭا دۇكىنىڭ بەرىكەت تاپمىغان پاسكىنىكەنسەن. ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ، بىسمىللا دېيىشنى ئۆگەن، ئىپلاس.

- خۇدايىم بۇيرۇسا ھەر كۈنى دېيىمگىلىك. ھا ... ھا ...

ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىشتەيلىرىمۇ تۇتۇلۇپ، مۇشۇ ئاداشنىڭ دۇكىنىدىن تاماق يەرمەنمۇ، دەپ كۆڭلۈم شەكلىنىپ كەتتى.

- ھە، قېنى ئولتۇرۇڭلار.

بىر تېرە، ئۇستىخان بولۇپ قالغان ياش بىر خەنزۇ ئورۇندۇقنىڭ بېشىدىلا ئولتۇرۇۋالغان ئىدى. يا قوپۇپ بىزنىڭ ئىچكىرى كىرىشىمىزگە ئورۇن بەرمىدى، يا قوپۇپلا كەتمىدى. گەپ قىلاي دېسەم بېشىنى ئىچكىرى تىقىۋاپتۇ.

ئاشپەز ۋارقىرىدى:

- قوپە ۋە ئاداش، ئورۇن بوشۇتە. ئەپيۇنىڭنى ئاۋۇ بۇلۇڭغا ئاپىرىپ چېكە، جوكو.

شۇندىلا خەنزۇ يېگىت بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرى شۇنچە سېرىق، سىرتىغا پولتىيىپ چىقىپتۇ. يۈزى بىر قارىسا سېرىقتەك، يەنە

بىر قارىسا كۆكتەك كۆرۈنىدۇ. مەڭزىدە قىردىۋالغۇدەكمۇ گۆش يوق. ئۇ ئەستە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بوش ۋارقىرا هارامزادە. مەن خەبەردار بولمىسام ئەسنەپ ئولتۇرىسەن. ياۋا خەبەرداردىن ئىككىنى كۆرۈپ ۋارقىرايسىنا.

— بۇ ئۆزۈمنىڭ مىللىتى. سەن كۆي نەگە بارساڭ بارمامسەن!

خەنزۇ يىگىت تېرىككەندەك چەكچەيدى:

— ئۇنداق يۈزسىزلىك قىلما جۇمۇ، هېلى...

— چاقچاق قىلدىڭ ئاۋا بەڭگە.

هەر ئىككىسى كۈلۈشتى. خەنزۇ يىگىت بۇلۇڭغا بېرىپ كۈمۈش رەڭ پاپىروس قەغىزىنىڭ ئاستىغا كۆكۈت يېقىپ، كىچىك نارا نەيچىدە هەدەپ شوراپ ئاندىن قولىدىكى پاپىروسنى كۆچەپ شوردى، ئەمما ئاغزىدىن يا بۇرنىدىن ئىس چىقمىدى.

— ئەپيۇننى ئاشۇنداق چېكىدۇ، —دېدى ئاشپەز يىگىت مېنىڭ پۈتۈن دىققىتىم بىلەن تىكىلىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ.

— بۇ ئەپيۇن ئەمەس، خىروئىن، ئۇقۇپ قوي قاپاقباش. بىلمىگەن نېمەڭگە تولا ئېغىز گىرىدىلىماي ئوچىقىڭغا قارا، — دېدى خەنزۇ يىگىت.

— سىز ئۇيغۇردەك سۆزلەيدىكەنسىزغۇ؟ — دېدىم خەنزۇ يىگىتكە.

— مەن ئەسلى غۇلجىلىق.

— ماڭە ۋا بەڭگى، سەن غۇلجىلىق ئەمەس، مۇشۇ يەرلىك. داداڭ بىلەن ئاناڭ غۇلجىغا چىقىپ، داداڭ تاماكا ساتقىلى چىقىپ كەتكەندە ئاناڭغا ئۇيغۇر چېپىلىپ قويغان. سەن ئۇيغۇرنىڭ سۈيدۈكى، شۇڭا سەن ئۇيغۇردەك سۆزلەيسەن.

— هېلى بېشىڭنى ئوچاققا تىقىۋېتىمەن.

ئابلەت جېنىڭغا هېزى بولۇپ، ئاغزىڭغا بايىقاپ سۆزلە جۇما.

— ئەمىسە قايسى خەنسۇ سەندەك چاندالاي سۆزلەيدۇ.

— ئانام يامان خوتۇن، قانداق. بولدىما.

— ها... ها... ها...

هەر ئىككىسى ۋالاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. دۇكاندىكى قالغان ئىككىيلەندىمۇ كۈلكىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

— بۇ ئىككىسى ئاغزىدا ئىككى خىش قويسا ئوبورنى بولىدىغان نېمىلەر، لېكىن كۆڭلى بەك يېقىن، — دېدى ئېشەكيۈز، سۇر ساقال، پىت كۆز كەلگەن شەپكىلىك ئۇيغۇر. ئۇ قارىغاندا بۇ ئاشخانىدا كۈلكە بىلەن ياغلىما گەپ قىلىپ قورساق باقىدىغان سۆخەنچى ئادەمدەك قىلاتتى.

— خىروئىننى مۇشۇنداق چېكەمدۇ؟ — دېدىمەن هەيران بولۇپ.

— هەئە، — دېدى خەنزۇ يىگىت. ئۇ مېنىڭ هەيرانلىق هەم قىزىقىش ئىچىدە قاراپ قالغىنىمغا كۈلۈپ.

— سىز شۇنچە شوراپ چېكىسىز، پەقەت تۈتۈن چىقارمايسىزغۇ؟ تۈتۈنى ئاچچىق ئەمەسمۇ؟

— تۈتۈننى كۆتىدىن چىقىرىدۇ، — دېدى ئابلەت پوچىلىق بىلەن كۈلۈپ. خەنزۇ يىگىت كۈلۈپ قويۇپ چېكىش بىلەن بولدى.

— پەقەت ئاش مانتىلام بار، ناهايىتى بەلەن ئوخشىتىپ ئەتكەن، بىر يېۋالامسىلەر؟ — دېدى ئابلەت كۆزىمىزگە بىھايالىق ۋە ساختىپەزلىك بىلەن تىكىلىپ. ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىدىنمۇ شۇنچە كازازاپلارچە، بىزنى مازاق قىلىۋاتقاندەك ئىدى. قاپىقىم تۈرۈلدى. بايىقى ئاچچىقىم يەنە پەيدا بولدى. ئۇيغۇر، ئۇيغۇر دەپ شۇنچە ئەستە كەلسەك

ما كوسپوروچىلار، بىرسى زەمبىلكەش بەگ-
گى، ماۋۇسى تازا بىر ئالىقاپ كازژاپ،
ساپلا داردىن قاچقان ئەبگالاركەنغۇ.

— بابا ھېلىقى پەستانچاقتا ئۈندەق - مۇنداق گەپ قىلسام تازا بىر پاسىق ئوخشايدۇ دەپ قالاتتىلار يەنە. خۇدا بۇيرۇسا بىرۋاق نامازنى قازا قىلاي تەرەت بىلەن يۈرۈيمەن. ئۈزۈم ئىكاھ قىلمۇاللىقان تۆگگان خوتۇنۇمدىن ئۈچى بار، غۇلجىدىكىنى قوشقاندا تۆت. بوۋام رەھمەتتىنىڭمۇ تۆت خوتۇنى باركەنتۇق...

— بۇ يەردىكى ئۈچ خوتۇنىڭىز بىر - بىرىنى بىلەمدۇ؟

— ۋاھ، بۇنى بىلسە، مەن بۇ لەنجۇدا تۇرالايمەنمۇ دەمسىز. بۇگۇن مايەردە ھەممىت پاشا لەنجۇدىن خوتۇن ئالغانغا تويدى. شىنجاڭدىن ئۇيغۇر خوتۇنى كەپتىكەن، قىپچىپ يۈرگىلى ئىككى ئاي بولغان. مايەردىكى تۆگگان خوتۇنىدىن ئىككى بالىسى بولغان دەڭا. شىنجاڭدىكى خوتۇنىدىن بولغان ساللاتتەك ئىككى ئوغلى ئانىسى بىلەن كەپتىكەن، تۆگگان خوتۇنى بىلەن ئىككىسىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ، ھەممىتنى زەمبىلگە سېلىپ ئەكەتتى.

— ھەممىت پاشىنىڭ خوتۇنى تۆگگان دەۋاپتۇ، خەنسۇ دەيمەن، — دېدى ئاشپەز يىگىت.

— ۋوي بەگگە، راستمۇ؟

خەنزۇ يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ يەنە پۇتۇن ئىشقى بىلەن چېكىشكە كىرىشتى. ھەر شوراشقا بىر تال گۇگۇت ياقىدىغان گەپكەن.

—مەن كىنودا چىلىمدا چەككىنىنى كۆرگەن.

— ئۇ دېگەن ئەپيۇن، بۇ خىرويىن.

— خىرويىننى كىنودا ئاق كۆرسىتىۋاتقان، بۇ ئاق ئەمەسكەنغۇ؟ —دېدىم.

— ئۇ ئالىي دەرىجىلىكى، ئۇنى تاپماق تەس.

— بۇنىڭ مۇشۇ قەغەزدىكىسى نەچچە پۇلغا كېلىدۇ؟ — بىر چېكىدىم كەلگىدەك خىرويىننى كۆرسەتتىم.

— مۇشۇ ئۈچ يۈز كويلۇق.

— ۋاي خۇدا، — دېدىم مەن گەدىنىمنى سىلاپ.

— ئاش مانتا ئەكىلەيمۇ؟

— مۇشۇ گۆشنى بىر پىشۇرۇپ بەرسىلە، قانچە پۇل ئالسىلا ئېلىپ.

— بولىدۇ، چاتاق يوق، —دېدى ئاپلەت ئاشپەز يىگىتكە بۇيرۇپ.

—مەن خېرىدار كەلگەي بەك رەللە بولۇپ كەتتىم. سىلىمۇ ھەقچان مىگزۇ شۆيەندىن.

— ھەئە.

— ماڭا لەنجۇدا پەقەت ئازلا غۇلجىلىق بىلەن مىگزۇ شۆيەندىكى ئوقۇغۇچىلارلا كېلىدۇ. بۇ گۆشنى شۇنداقلا يېمەكچىمۇ ئاماق يېگەندەك بولالايسىلەر، مەن سىلەرگە بىر چۆپ قىلىپ بېرەي. گۆش پىشقىچە خېمىر تەييار بولىدۇ. قانداق دېدىم، نېرىن چۆپنى سېغىنىپ كەتكەنسىلەر.

— بولسىغۇ شۇنداق بولسا، شىنجاڭغا بېرىپ كەلگەندەك بولاتتۇق، — دېدىممەن كۆڭلۇم پاللىدە يورۇپ.

— ئۇيگە دەڭلار، ئۈيگە. بىزە ساقلىساڭلار مەيلى ئەمىسە.

ئۇنىڭغا يېگىباشتىن سىنچىلاپ قارىدىم. قاش - قاپىقى جايىدا، كۆزى يېشىلغا مايىل، يېڭى قىردۇرغان ئېگەكلىرى كۆكۈش، ياغلىشاڭغۇ پارقىراپ تۇرىدۇ، قېلىن كالپۇكى ئۇنى سەل دورداي كۆرسىتىدۇ. كۆڭلۇمدە ئۇنى يەنە يېگىباشتىن باھالىدىم. گېپىنىڭ ئاھاڭىدىن تارتىپ ھەر بىر قىلىقلىرىغىچە

كاززاپتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما يەنىلا ئۇ قولى ئۇچۇق، چېھۋەر، ئىشتىن يانماس، جاپاكەش، ئەخمەققە، نادانغا تارتىپ كەتكەن مىليونلىغان تەرسا ئۇيغۇرنىڭ بىرسى. ئۇ تاماكا تۇتتى، قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ ئۆزرە سورىدىم. ھەمراھىم ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن بىر تال تاماكىسىنى چەكتى. ئۇ يېنىمىزغا قىستاپ كېلىپ ئولتۇردى.

— سىلەر ئوقۇغان، زىيالىي. قارىڭا، سىزنىڭ پاينەك بېشىڭىزغا قاراپ قورسىقىمدا خېلى ئۈممىچى بار ئاداش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن كۈنەسىنىڭ سەھراسىدا ئاران ئالتە يىل ئوقۇغان بىر قارا تۇرۇك... ھە... ھە... توختاڭلار، توختاڭلار، گۆش بىر يېرىم سائەتتە پىشار-ھە.

— بىر سائەتتە پىشار...

— ماقۇل، شۇنداقمۇ دەيلى. سىلەرمۇ يۈزلىمىنىڭ قېنى بار بالىلاركەنسىلەر. بىز بىرەر پوتۇلكا ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، بولامدا؟ مېنى بىر كالاكومشا دېمەڭلەر، سىلەردەك ئوقۇمىغان بىلەن، ئەقلى - ھوشۇم جايىدا. ئۇچاڭدىكى نېمە دېسەڭلار، ئىشتان دېمەيمەن. خېلى بىر نېمىنى ئويلىيالىغۇچىلىكىم بار. بىرەر پوتۇلكا ئىچەيلى.

— ياق، ياق، بىز ئەزەلدىن ئىچمەيمىز.

— ماقۇل، ئۆزۈملا ئىچەي. ھەي شاگىرت مالىڭ جۇگۇ، 250 گراملىقتىن بىر ئەكىر.

ھېلىقى ئېشەكيۈز نارازى بولدى:

— ئابلەت، بولدى قىلسىڭىز بولامدىكىن. ئەتە يەنە دۇكان ئاچارمىز. ھاراق ئىچتىڭىز قاملاشسۇن - قاملاشمىسۇن بىر پۇللۇق چاتىقىڭىز يوق، ئاسمان - پەلەك ناخشا توۋلايسىزكەن. تۇڭگانلار نەچچە دېدى: قانداق توۋلاۋەرگەن گەپ بۇ. بىز نامىزىمىزدىن ئېزىپ كەتتۇق. ئۆزۈك مۇسۇلمان تۇرۇپ تېخى ناماز ئوقۇمايسەن، ناخشا توۋلاپ نامىزىمىزنى بۇزىسەن دەپ. مۇشۇنداق قىلىۋەرسەك، مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە چوقۇم تۇڭگانلار قوزغىلىدۇ، بىزنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.

ئابلەت تېرىكتى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— قادىرخان، سىز ما دۇكاندا پولۇ - مانتامنى بەرسەم يەپ، بۇ كالۋا مېنى بېقىپ، يېنىمدا بىكارغا ياتقۇزۇۋاتىدۇ، دەپ بەك كېرىلىپ كەتمەڭ، بولامدا. ئەمدى مانتا - پولۇنىڭ كۈچىدە سىز ماڭا پوشتەكچىلىك قىلالمايسىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى بىلىپ قىلىمەن. سىز دەۋاتقان ئىشمۇ مەن بىلمەيدىغان ئىش ئەمەس. مەن خەقنىڭ بۇيرۇقىدىن كانىيىمغىچە كېكىرىپ، ئۆزۈم ئويلىغان گەپنى دەي، پۇتۇم خالىغان يەرگە دەسسەي، قولۇم خالىغاننى تۇتاي دەپ يۇرتۇمنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇپ مۇشۇ ئاسمىنى كەڭرى يەرگە چىققان. جاھاندا ماڭا بۇيرۇق بېرىدىغان ئادەم ئەمدى يوق دېسەم، سىز چىقتىڭىزمۇ؟ بەك كېرىلىپ كەتمەڭ. دۇكانغا قانداق مۇلايىم كىرگەن بولسىڭىز، شۇنداق يۇۋاش بولۇڭ. بۇ بىر ئېغىز ئۆيدە مەن پادىشاھ. نېمە دېسەم، نېمە قىلسام بولۇۋېرىدۇ. مەن دەل مۇشۇنداق بىر ئېغىز ئۆي ئىزدەپ شىنجاڭدىن چىققان. تۇڭگانلار بۇ يەردىن قوغلىۋەتسە، يەنە مېنى بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان تۇڭگان چىقىدۇ، ماقۇلجا، جوگورۇك، قاچا - تەخسىلەرنى يۇيۇپ، ئۇچاققا ئوت قالاڭ...

شاگىرت كىچىك بوتۇلكىلىق ھاراقتىن بىرنى ئەكىردى. ئابلەت چىشلەپ ئېچىپ، پىيالىغا يېرىمىنى قۇيۇپ:

— قېنى، خوشە، — دەپلا كۆتۈرۈۋەتتى.

قادىرخاننىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ، قىزىرىپ

كېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھا... ھا.... ھا... خەقنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشتىن خەققە بۇيرۇق قىلىش قالتىس ھوزۇرلۇقكەن، كارامەت تەملىككەن، بۇنى مەن مانا مۇشۇ ئاسمىنى كەڭرى، ئاددىي جىق يەردە بىلدىم. مەن يۇرتتا ھەتتا خوتۇنۇمغىمۇ بۇيرۇق قىلالمايتتىم. ھا... ھا... ھا...

ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. قادىرخانمۇ قولاشمىغان ھالدا كۈلدى. ئۇنىڭ ئەلەمى تېخىچە تاراپ بولالمىغان ئىدى.

— ئاڭلاڭلار ئاغىنىلەر، بۇ يەردە مەن بەش ئادەمگە بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتىم. ئۈچ خوتۇن، مانا ماۋۇ ئىككى... نېمە ... نېمە دېسەم بولىدۇ. شاگىرت، ھا ... ھا ... مەن ئاشپەز ئەمەس، ھېچكىمگە شاگىرت بولمىغان. ئانامدىن پولۇ بىلەن چۆپ ئېتىشنى ئۆگىنىۋالغان شۇ. ماۋۇنى لەغمەنچى دەپ ئەكەلسەم مانتىپەز چىقىپ قالدى. خوشە ئابلەت، ئىچەلا...

ئۇ كىچىك بوتۇلكىنىڭ ھاردۇقىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بىزگە چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ قارىدى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدىكى دۇكان ئىچىدە تېنىم قورۇلغاندەك بولدۇم. يېنىمدىكى خەنزۇ يىگىتكە قارىدىم. ئۇ كۆزلىرى يۇمۇلغان ھالدا كۆكىرىپ كەتكەن لېۋىنى شۈمۈپ شۇنداق تاتلىق بىر نەرسە شۈمگەندەك لەززەتلىنىپ ئولتۇراتتى. كىچىك قارا نەيچە تۇتقان قولى سوس تىترەپ تۇراتتى. قورسىقى يوغىناپ پوپايكىسىنىڭ ئاستى تۈگمىسى يەتمەي قالغان چىرايلىق بىر خەنزۇ جۇۋان كىردى. خەنزۇ يىگىت كۆزىنى ئېچىپلا ھودۇقۇپ قولىدىكى نەيچىنى يانچۇقىغا تىقتى. چوكان ئالچاڭلاپ كەلگەنچە يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە مۇشت بىلەن سالدى. يىگىت شىرەگە مەيدىچىلەپ ئۇسسۇپ، يۆتىلىپ كەتتى. چىپىمىز ئۆرۈلدى. چوكان يىگىتنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئىشىككە نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. قىپقىزىل بويىۋالغان لەۋلىرى ئاچچىقتىن تىترەپ، چانىقىدىن چىققىدەك بولۇپ كەتكەن قارا كۆزى چەكچىيىپ كەتتى. يىگىت بېشىنى چاڭگاللاپ تۈگۈلۈۋالدى. چاينىڭ كىيىمىمىزگە ئۇرۇلۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن چوكان بىزگە خىجىل بولۇپ سەل كۈلۈمسىرەپ ئېرىنى بىرمۇنچە تىللىۋەتتى.

— ماڭە، چىقە جۇڭگۇ، خوتۇنىدىن تاياق يەيدىغان نانقېپى. بۇ سېنىڭ جېدەلخاناڭ ئەمەس، — دېدى ئابلەت قولىنى شىلتىپ.

— خاپا بولماڭلار ئاغىنىلەر، — خەنزۇ يىگىت بىزگە قاراپ ھەجايدى. خوتۇنى سۆزلەپ كەتتى:

— ئەتىگەندىن بېرى ئۈچ يۈز كويلۇقنى چېكىپ بولدى. ساتىمەن دەپ يەنە چېكىۋاپتۇ. خەپ، ئۆيگىمۇ كىرەممىز.

— قانمىدىم، بېشىم ئاغرىپ ئۆلەي دېدىم، — يىگىت بوش، مۇلايىم سۆزلىدى. دۇكانغا بىرى يىگىرمە ياش، يەنە بىرى ئون تۆت ياش چامىسىدىكى ئىككى ئوغۇل كىردى.

— قېنى، ئالە، ئال، چاققان بول.

ئۇلارنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئاغزىدا گەپ كەلمەي قالغان ئىدى.

— بالدۇرراق كەلسەڭلا بولمامدۇ، شۇنچىۋالا بوپكەتكىچە.

— ھەي، بولساڭچۇ!

ئىككىسى تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا يانچۇقىدىن كۆمۈشرەڭ پاپىروس قەغىزى بىلەن نەيچىلىرىنى چىقىرىپ قەغەزنى يېرىم نەيچەلەپ نەيچىسىنى پۈۋلىدى.

— يىگىرمە كويلۇق سالە!

— قانمايسەن.

— بولە، تولا كوتۇلدىماي.

يىگىت پۇلنى پۇرلاپ چوكاننىڭ قوينىغا تىقىۋەتتى. چوكان ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ پايپىقى ئارىسىدىن قەغەز بولاق چىقاردى، ئېرى دەرھال ئېلىپ چاشقان مايىقىدەك ئۈچ تال سېلىپ بەردى. كىچىك خېرىدارنىڭ قەغەز تۇتقان قولى تىترەپ كارغا كەلمەي قالدى. ئايال تۇتۇپ تۇرۇپ گۈگۈت يېقىپ بەردى. خىرويىن گۈگۈت ئوتىدا ئېرىپ ئۇدۇللۇق نەيچە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تاماكىدىن بىرنى دەرھال تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شۈمۈردى. بىر ھازا كۆزىنى يۇمۇپ، تىنماي تۇرۇپ ئاندىن «ئۇھ» دەپلا ئاغزىدىن ناھايىتى سۇس تۈتۈن چىقىپ چىرايى ئەسلىگە كەلدى. چۆلدىن ئۇسساپ كەلگەن ئادەم سۇ ئىچىپ راھەتلەنگەندەك ھاسىرىدىشى ئاستا پەسەيدى. يەنە بىرسىمۇ ئاشۇنداق بولدى.

— ئۇھ... ئەمدى دەي، ئاران شۇنچىلىك سالامسەن، — كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى.

— ۋاي، تېخى سەن دائىملىق خېرىدار دەپ يۈز - خاتىرە قىلىپ، جىقراق سېلىپ بەرسەم، قانداق قىلىمەن نېمىسەن. باشقا يەرگە بار جۇگۇ، يىگىرمە كويغا قانچىلىك بېرىدىكەن؟

كىچىك خېرىدار كۈلدى.

— يەنە ئەللىك كويلۇق سالە.

— پۇلنى چىقار.

— مانا، — كىچىك خېرىدار پۇلنى بايىقىدەك پۇرلاپ تىقىپ بەردى.

— ماڭا ئوبدان بەر، مانا، — چوڭى يۈز كويلۇق پۇلدىن بىرنى تاشلىدى.

كىچىكى لەززەتلىنىپ چېكىپ ئولتۇردى، چوڭىغا كېيىنت قەغەزدىكە بىر چىمدىم بەردى.

— قانداق، زىيان تارتمىغانسەن؟

قاپىقى تۈرۈلۈپ تۇرغان ئۇزۇن چاچ - چوڭى كۈلدى:

— شۇڭا يىراقتىن ئاتلاپ كەلدىم - دە. ماڭە، — ئۇ كىچىككىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

— ھەي بەگگە، سەن... ھە راست، خوتۇنۇڭ قانداق بالا تۇغار. شۇنچە چىرايلىق خوتۇن نېمە بولۇپ سەن بەگگىگە تېگىپ قالغاندۇ؟ سېنىڭ بالاڭ بالا ئەمەس، بىر خالتا ئەپيۇن تۇغۇلارمىكىن...

— ئاغزىڭغا پوق، ئېشەك.

— خوش بول بەگگە. بالا تۇغۇلغاندىن كۆرە بىر خالتا ئەپيۇن چۈشسە، خوتۇنىڭنىڭ چاتىرىقىغا سۈيۈپ، ئەپيۇن سېتىپ باي بولۇپ كېتەرسەن. ھا... ھا... ھا...

— ھا... ھا... ھا...

— خەپ گوي، سېنىڭ ئاغزىڭ جۇما...

ئۇ خوتۇنىغا خەنزۇچە دەپ بېرىۋىدى، ھاڭقىيىپ ئولتۇرغان خوتۇنىنىڭ كۆزىدىن ياش چىققىچە كۈلدى.

— ھەي بەگگە، سەن ئەمدى چېكىشىڭ بىلەن بول، بىزنىڭ كېيىنىزگە قوشۇق سالساڭ خوتۇنىڭنى ساڭا قارىتىپ تۇرۇپ سۆيۈۋالىمەن.

— سۆيە، مەن قاراپ تۇراي. خوتۇنۇمنىڭ چاينىۋاتقىنى چوشقىنىڭ ئۈچىيى.

— ھۆ... ھۆ... ھۇ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن.

خەنزۇ يىگىت تېلىقىپ كۈلۈپ يۆتىلىپ كەتتى.

چاقچاق بېسىققاندىن كېيىن، خەنزۇ يىگىت خوتۇنى بىلەن كوسۇرلىشىپ پۇللىرىنى ساناشقا چۈشتى.

— ماڭا قاراڭلار، سىلەر دەڭلار...

ئابلەت تەڭشىلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە ياش پەيدا بولدى.

— سىلەر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياش زىيالىسى. دەپ بېقىڭلار زادى. بىز ئۇيغۇرلار ئادەممۇ - نېمە؟ دەڭلار. مۇشۇ گېپىمگە لىللا جاۋاب بېرىڭلار؟ — ئۇ كۆزىمىزگە كىرىۋالدى.

بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىراپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— ھەي پايىنەكباش ... تېرىككىنىڭ. راست گەپكە تېرىككىش ئوبدان ئىش ئەمەس.

— ياق، تېرىكمىدىم.

—قىزىرىپ كەتتىڭىز. خاپا بولسىڭىز مەيلى، سىزدەك پايىنەكباش، بىز ئۇيغۇر ئادەممۇ— نېمە؟

— بىزنى ئاللا باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ئادەم قىلىپ ياراتتى.

—ئاللاغۇ شۇنداق ياراتتى، بۇ دېگەن كونا گەپ. بىز ئۆزىمىزنى ئاللاغا قانداق ياراتتۇق؟ ئۆزىمىزنى باشقىلارغا قانداق ياراتتۇق؟ خوي - پەيلىمىزنىڭ ئوساللىقىغا قاراپ بىز ئۇيغۇرلار خۇدا ئېزىپ قېلىپ ياراتقان خەقكەنمىز دېگۈم كېلىدۇ. دېمىسىمۇ ئۆزىمىز تۈزۈك ئادەم بولالمايمىز، قولاشمايمىز، پېتىشمايمىز، بىر - بىرىمىزنى كولايمىز، يەنە كېلىپ خەقتىن يامانلايمىز...

بۇ گەپكە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمىدىم. راست گەپ قىلسام، بۇ مەن ئويلاپ باقمىغان گەپ بولدى.

— ياق، ياق، ئىشەنمەيمەن. بۇ سىلەر ئويلىمىغان گەپ ئەمەس. ماقۇل قىستىماي. ئەمدى سەل بوشراق گەپتىن بىرنى سوراي: بىز نېمىشقا كېلىشەلمەيمىز... زادى نېمىشقا. شىنجاڭدىغۇ ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك دەپ كېلىشەيلى. مۇشۇ كۆلچىلىكتىمۇ يەنە قۇرۇپ كەتكۈر ئۇ يەر- بۇ يەر دېگەن يۇرتۋازلىق تۈگىمەيدۇ... ھە...ھە... مانا ئەنە كىچىك مىسالى... مۇشۇ يۇرتۋازلىق مېنى ۋەيران قىلدى... مەن تۈگەشتىم. قارنىمغا پىچاق سېلىۋالغۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ ئاغىنىلەر...

ئۇ شىرەگە بىرنى مۇشتىلىۋىدى، پىيالىدىكى چاي يۈزلىرىمىزگە چاچراپ كەتتى. ئۇ شىرەنى تىرناقداپ بېشىنى قويۇۋېلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغاندىكى ئاۋازى تولىمۇ كۈلكىلىك (ئۇزاقتىن بېرى چوپچوك ئەر كىشىنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىمىغاچقىمۇ، ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن) ئەمما ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يىغىسى يۈرەكنى ئېزىۋەتتى. بىز ئۈندىمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردۇق. ئاشپەز يىگىتمۇ، قادىرخانمۇ يەرگە قارىۋالغان ئىدى. خەنزۇ يىگىت كۆزىنى يۇمۇپ تامغا يۆلىنىپ ئۈندىمەستىن پاپىروس چېكىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ خوتۇنى كۆزىنى پارقىرىتىپ گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

—قاراڭلار، مانا مۇشۇ نەس ئاشخانا مېنى ۋەيران قىلدى. لەنجۇدا كوچا، شاياردىن گۆلە، لازا ئەپچىقىدىغان سودىگەرلەر جىق، غۇلجىلىق سودىگەرلەر ئاز، ناھايىتى ئاز. ماڭا چىققىلى بىر يىل بولدى. دەسلەپ بۇ ئاشخانا بىر غۇلجىلىقنىڭ قولىدىكەن، شايارلىقلار ئۇنى پاتقۇزماي ئۇرۇپ قوغلىۋېتىپ، بىر شايارلىق ئاشپەزگە ئېلىپ بېرىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاشخانىغا غۇلجىلىق دەسسەپتۇ. غۇلجىلىق ئاشپەز ھەممە نېمىسىنى يوقىتىپ، گۇاڭجۇغا بېرىپ غۇلجا قوشۇنىغا داد ئېيتىپتىكەن، ئۇلار كېلىپ شايارلىقلارنى ئۇرۇپ، نەچچىسىنى پىچاقلاپ، ئاشخانىنى باشقا بىر غۇلجىلىققا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم بىر مەزگىل ئېچىپ، شايارلىقلارنىڭ پەيلىدىن

قورقۇپ، ئاشخانىنى شايارلىق ئاشپەزگە چىرايلىق سېتىپ شىنجاڭغا تىكىۋېتىپتۇ. كېيىن يەنە غۇلجىلىقلار ئاڭلاپ، مەن تيەنجىندە كاۋاپچىلىق قىلىۋاتسام، مېنى ئەكېلىپ مۇشۇ ئاشخانىغا تىقىپ قويدى. مەن ئاشپەزلىكنى بىلمەيمەن. مانا ماۋۇ قىلتىرىق قەشقەر ھەزرەتلىك، قادىيخان خوتەنلىك. ئاشخانىنى ئىككى ئاي ئاچتىم. دۇكان قولۇمغا ئۆتكەندىن تارتىپ شايارلىقلار ئاشخانامغا يولىمايدۇ. غۇلجىلىقلار ئاز. ئۇلار بۇ شەھەردە تۇرمايدۇ. ئاز غۇلجىلىقلار بىلەن مىڭزۇ شۆيەندىكى نامرات ئوقۇغۇچىلار تاماق يېسە، مەن قانچىلىك سودا قىلالايمەن. يۇرتتىن بەش مىڭ كوي ھالال پۇل بىلەن چىققان، مانا مۇشۇ ئاشخانىنىڭ كۈلى بولۇپ تۈگىدى... ھە... ھە... تۈگىدى. ئۇلارغا يالۋۇردۇم، مېنىڭ سىلەر بىلەن زىددىيىتىم بولمىغاندىكىن، شۇنداق مەززىلىك پولۇ، مانتا، لەغمەن ئەتتىم، يەڭلار، دېسەم ھومىيىپ كېتىدۇ. ئاشخانامنىڭ ئالدىدىنمۇ ھومىيىپ، تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئاشخانىغا زىلۋا، جوغدا چاچ، سېرىق شەپكە بىر بالا كىردى.

— مانا... مانا پەقەت مۇشۇ بىر شايارلىق بالىلا كىرىدۇ. مۆكۈنۈپ كىرىپ تاماق يەپ، پەم بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. بىز بىر مىللەتمۇ ياكى بىرىمىز جوھوت، بىرىمىز قىزىلباشمۇ؟ ھە... مەن غۇلجا قوشۇنىدىكىلەرگە ھال ئېيتسام، پۇل دەپ قاپسەن، قانچە چامادان پۇل كەتسىمۇ بۇ ئاشخانىنى ساقلايسەن دەيدۇ. مېنىڭ زىيىنىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا تاغارلاپ پۇل بېرىدىكەن. لېكىن مەن ھالال ئادەمنىڭ ئەۋلادى. ئۇنداق تاغارلاپ ھارام پۇلدىن مېنىڭ كۈلگە ئايلانغان بەش مىڭ سومۇم ياخشى ئەمەسمۇ. بولدى، تاقايمەن، تويدۇم... تويدۇم... قۇرۇپ كەت ئۇيغۇرلار. ھەممىڭنى بىر كېچىدە دوزاخقا ئاپىرىپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن خۇدايىم...

ھېلىقى شايارلىق بالا تەخسىدىكى ئاش مانتىنى ئالاق-جالاق يالاپ يۇتقىلى تۇرغان ئىدى، ئىشىكتە قارا شىلەپە كىيگەن بىر قارا ساقال ئادەم پەيدا بولدى. بالا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۆكا تاراقلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. قارا ساقال ئادەم ئاق سەدەپتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلداتقۇدەك كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك يېقىمسىز، تەھدىتلىك ئىدى.

— تاماق يېدىڭمۇ؟

—ھەئە،— بالا تىترەپ كەتتى.

—ئوبدان تېتىمىغاندۇ؟

ئابلەت ئورنىدىن تۇرۇپ گەپكە ئارىلاشتى:

— سوراۋەرمەي، بىز بىر ئۇيغۇر بولغاندىكىن كىرىپ تېتىپ باقسا قالارما؟

ساقاللىق ئادەم جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قويدى.

—جۆرە، كېتەيلى بارا!

بالا دەرھال چىقتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە چىقىشىغا قارا ساقال ئادەم ئۇنىڭ گەدىنىگە مۇشت بىلەن سالدى. بالا: «ۋايجان» دەپلا پاتقاققا دۈم چۈشتى. كەينى-كەينىدىن تەگكەن ئىككى تېپىكتە بالىنىڭ داد-پەريادى كوچىنى بىر ئالدى. قۇلىقىم چوڭقۇلداپ كەتتى، كۆزۈمگە قىزىللىق تىقىلدى، قانداق ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا كەلگىنىمنى بىلمەيمەن. ئابلەت مەيدەمدىن ئىتتىرىپ ئىشىكتىن چىقارمىدى.

— ئارىلاشماڭ، ئۆزىنىڭ ئىشى. ئاران تۇرىدۇ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن يانمايدۇ...

بالا پۈتۈنلەي لايغا مىلىنىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ ئىشنى كۆرۈپ كوچىغا چىققان خەنزۇ، تۇڭگانلار چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتتە قاراپ تۇرۇشتى.

— ھازىرلا لەنجۇدىن يوقال، گۇلە، لازىڭنى نەگە ئاپىرىپ ساتساڭ سات. ئەتە يەنە كۆرۈپ قالسام، پۇيىمز رىبلىسىغا زاماسكىلايمەن.

بالا ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر قاچتى.

شىلەپىلىك ئادەممۇ كەتتى. ئاشخانا ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. تولىمۇ گۈزەل بىر قىز كىردى، ئۇنىڭ ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن ئىدى.

ئەپيۇن نەيچىسى ئۇنىڭ ئويماقتەك لېۋىگە قىستۇرۇلدى. ئەپيۇن ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قانچىلىك قىرغىنچىلىق قىلدىكىن بىلەلمىدىم، ئەمما ئاۋازى بۇزۇلغان ئىدى. ئەينى چاغدا ئاققۇنىڭ بويىنىدەك گۈزەل ئاشۇ كانىيىدىن بەلكىم ئۆزىدىنمۇ نازۇك ئاۋاز چىققان بولغىدى.

— ھەي بەڭگە، ئۇنىڭغا دە، ئۇنىڭ تاماكىسىنىڭ ھەممە پۇلىنى مەن بېرىمەن، ماڭا ھەمراھ بولسۇن!

قىز گەپ - سۆزسىز ماقۇل بولدى. ئۇ يۈز سەكسەن كويغا ئىزدىدا ئولتۇرۇپ چەكتى، يەنە يۈز كويلۇق ئېلىۋالدى. ھەممە پۇلنى ئابلەت بەردى.

— خاپا بولماڭلار. مەن كېچىچە ئۇنىڭ بىلەن ئىچىپ تاڭ ئاتقۇزمىسام تاڭ ئاتمايدۇ. ئەتە ئاشخانىنى بېرىۋېتىمەن. ھەي قادىرخان، بۇ مېھمانلارنىڭ تامىقىنى ئوبدان بەرمىسەڭ، كۆرگىلىكىڭنى كۆرىسەن.

ئابلەت قىز بىلەن چىقىپ كەتتى.

## 2

سىم - سىم يامغۇر لەنجۇ كوچىسىدىن داۋاملىق نەم ھاۋانى نېرى قىلمايدۇ. خالتا كوچىدىن چوڭ يولغا چىققاندا ئابلەت قىزنى قولتۇقلىۋالدى. پىيادىلار يولىدا ئاندا-ساندا كۈنلۈك كۆتۈرۈپ شىلىقلىتىپ يامغۇر كېچىپ ياش ئاشىق - مەشۇقلار مېڭىشىپ تۇرىدۇ. باشقا ئادەملەر ئاسىسەن كوچىدا ئاپتوۋۇزدا ماڭىدۇ. چوڭ - كىچىك كىراماشىنىلەرى خېرىدار چاقىرىپ توۋلاپ ماڭىدۇ.

ئابلەتنىڭ چىمەن دوپپىسى يامغۇردا ھۆل بولۇپ ماكچىيىپ كەتتى. سىم - سىم يامغۇر ئۇنىڭ يۈزىدە ئاستا ساقىماقتا.

— ھېرىپ كەتتىڭىزمۇ؟ — ئابلەت بوش ئەمما قوپال سورىدى.

— ياق، ئانچە ئەمەس، توڭۇپ كەتتىم.

— ھەر ئىككىسى دەڭ.

قىز ئۇندىمەي ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى.

يىگىتنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— گېلىياڭ.

— ئىشلەمسىز؟

— شىركەتتە شوپۇرلۇق قىلىمەن.

— جىڭلىنىڭ ھەم شوپۇرى، يەنە...

— نېمە دېسىڭىز شۇ.

— چېكىشىپمۇ قويامسىلەر؟

— ماڭا شۇلار ئۆگەتكەن.

— ئوچۇق كوڭۈلكەنسىز ماڭا ئوخشاش. توي قىلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇ قەيەردە؟

سوراپ نېمە قىلىسىز.

...........

يامغۇر ئەمدى شىددەت بىلەن ياغقىلى تۇردى. تاغ تەرەپتىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ يولدا ھۇشۇۋقتا كەلگۈدەك شارقىراپ ئاققىلى تۇردى.

— ھەي ... ھەي توختا.

ئابلەت تاكسىنى چاقىردى.

— قەيەرگە؟

— پويىز ئىستانسىسىغا!

ماشىنا قوزغالدى.

— بەك يىراقلاپ كېتىدىكەنمىزغۇ؟

— مېنىڭ مەخسۇس ياتىقىم شۇ يەردە، بىخەتەر، ساتچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن خالىي.

— سىلە خەققە خوتۇنلا بولسا، دۇنيانى ئۇنتۇيسىلەر. جاھاننى خوتۇنغا تېگىشىشتىن يانمايسىلەر.

— بىزگىمۇ جاھاندىن قالمىغان راھەت شۇ.

ئۇلار ۋوكزال ئالدىدا چۈشتى. ۋوكزالدىن قىمىرلىشىپ، سەلدەك ئېقىپ چىقىۋاتقان، كىرىۋاتقان ئادەملەر چۇمۇلىدەك مىغىلدىشىپ كېتىشكەن. شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر مەيداندا توختاپ كەتكەن سۇدا ساناقسىز ئۇششاق كۆپۈكچىلەر ھاسىل قىلماقتا. ئادەملەرنىڭ ئايىغىدىن چىقىۋاتقان ساناقسىز شالاقشىشلار نۇرغۇن غەۋغانىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

بۇلار يېقىن چاپلىشىپ ئالدىراپ مېڭىشتى.

— ۋاي ئاكا... ھوي ئۇيغۇر ئاكا...

ئابلەت تاققىدا توختاپ ئارقىغا قارىدى. چامادان، سومكا كۆتۈرگەن بىر ئۇيغۇر چوكان يىغلىپ قالغان بولارنى ئايلىنىپ ئۆتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ سۇ چاچرىتىپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئابلەت كېلىپاڭدىن ئاجراپ بىر قانچە قەدەم ئالدىغا ماڭغىچە چوكان كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنى قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى:

— لۇكچەك ... لۇكچەك ...

چوكان ئۆپكىدەپ يىغلاپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالغان ئىدى. ئابلەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قاردۇېدى، ئالتە جۈغدا باش ئۇنى چۆرگىلەپ تۇراتتى.

— كېلە، كېلىشە ھارامزادىلەر...

ئۇلار يېقىنلاپ كېلىشتى. ئابلەت يېنىدىن يېڭىسار شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى، لۇكچەكلەر دەررۇ ئادەملەر ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىپ غايىب بولدى.

— ۋاي رەھمەت ئاكا، رەھمەت. سىز ئۇچرىمىغان بولسىڭىز، مەن نېمە بولار ئىدىم.

— سىز ئوقۇغۇچىمۇ؟

— ھە ... ھەئە. بىلىم ئاشۇرۇشقا كېتىۋاتىمەن.

— نەگە؟

— ۋۇخەنگە. ئىدارىدىكىلەر لەنجۇدا پويىز ئالماش دېگەنتى، شۇڭا مۇشۇ يەردە چۈشكەن. پويىز يەنە بەش سائەتتىن كېيىن ماڭىدىكەن.

— ھازىر نەگە بارىسىز؟

— ئۇقمايمەن، ھۇ ... ھۇ... ھۇ...

چوكان يەنە ئابلەتكە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى:

— يىراقتىن چىمەن دوپپىنى كۆرۈپ ئاكامنى كۆرگەندەك بولدۇم.

چوكاندىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تارالغان ئىسسىق ئېقىم ئابلەتنىڭ ھەممە خىياللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى:

— مەن ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايمۇ؟

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟

كېلىياگىنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن ئابلەتكە
يەۋېتىدىغاندەك تىكىلدى. ئابلەت كۈلدى.

— مەن ئەزەلدىن كاۋاپچىغا ئىشەنمەيمەن.

ئابلەت قەغەز بولاقتىكى خەۋىرىنى كېلىياگىنىڭ ئالقىنىغا تىقىپ قويدى. كېلىياگىنىڭ پۈتۈن غەزىپى چاقماق تېزلىكىدە خۇشاللىق - ھاياجان بىلەن ئالماشتى. ئۇنىڭ چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئاھ ... بۇ ... راستمۇ؟

ئابلەتنىڭ غەزەپتىن كۆكەرگەن چىرايى يېتى بۇزۇلماي تۇردى.

— خاپا بولماڭ، خاپا بولماڭ ... مەن ئىشىنىمەن، — ئۇ سومكىسىدىن كارتوچكا چىقاردى، — بۇ ئادرېسىم، چوقۇم بېرىڭ.

ئابلەت كارتوچكىنى يانچۇقىغا سالدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— رىسالەت.

— تۇرپاندىنمۇ؟

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— تۇرپانلىقنى كىم بىلىۋالالمايدۇ؟

چوكان ئۈندىمىدى. ئۇلار ئۇزۇن، غۇۋا يورۇپ تۇرغان كارىدور بىلەن خېلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئوچۇق، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ھويلىغا چىقتى. ئابلەت رىسالەتنىڭ چامادىنىنى كۆتۈرىۋالغان ئىدى.

— يەنە بەش سائەتتىن كېيىن سائەت نەچچە بولىدۇ؟

— سائەت تۆت.

— ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن بۇيان پويىزغا تويغانسىز.

— ئۇنى بىر دېمەڭ.

— ۋوپو بىلەمسىز؟

— نەدىكىنى!؟

— ئەتە بىر كۈن ئارام ئېلىۋېلىڭ. بۇ بىلمىگىنىڭىزنى يانىدۇرۇۋېتىپ مەن ۋوپو بىلمەسلىككە ئېلىپ يولغا سېلىپ قوياي.

— ئۇنداق بولسىغۇ ھاردۇقىم چىقىپ قالاتتى، ئەمما يەنە سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟

ئابلەت ئۈندىمىدى.

ئۇلار بىر ئۆيگە كىردى. ئۆي لىق تۈتۈن، ھاراق بۇسى. ئىككىسى جۈپ يېرىدىم يالىڭاچ قىز - يىگىت قارتا ئويناپ، ھاراق ئىچىشىۋاتقان ئىدى. رىسالەت كۆرۈپلا چىرقىرىدۋەتتى. ئۇلار رىسالەتنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈشۈپ بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كېتىشتى. رىسالەت يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي قالدى.

— ئالدىڭىزغا قاراپ مېڭىۋېرىڭ!

— ياق ... ياق ... چىقىپ كېتىمەن.

— ۋارقىرىماڭ. مەن سىزنى يەپ كەتمەيمەن، كېيىمىڭىزنى چىرايلىق دەڭ.

ئابلەتنىڭ قوپال سىلكىشلەپ ۋارقىرىشىدىن رىسالەت قورقۇپ شۈمشىيىپ قالدى. ئۇلار ئىچكىرىلەپ يەنە بىر ئۆيگە كىردى. بۇ بىر كارىۋات قويۇلغان پاكىزە، رەتلىك ئۆي ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، ماڭا قونالغۇ.

— ياق ... ياق. ئاكا ...

— سىز مېنى نەگە ئاپىرىدۇ دەپ ئويلىغان.

ئابلەت ياۋۇزلۇق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ دوپپىسى بىلەن چاپىنىنى پىرقىرىتىپ چۆرىدى.

— ياق، ئوبدان ئاكا، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. مەن سىزنى ئاكام ئورنىدا كۆرۈپ، بىر ئۆيغۇرنى كۆرۈپ ئاتامنى، ئاكامنى كۆرگەندەك ئىشىنىپ كەلگەن. مەن كۆڭلۈمگە بۇنداق ئىشنى كەلتۈرمەپتىمەن.

چوكان قولىدىكى سومكىنى تاشلاپ يەرگە

تىزلاندى. بۇ چاغدا ئابلەتنىڭ نەپىسى تاقىلداپ كېسار بىلەنلا قالغان ئىدى.

— ئوبدان ئاكا، ئاللا نامىدا، ئاتىڭىز، ئانىڭىز، ئاكىڭىز، ھەدىڭىز نامىدا تىلەي، ماڭا رەھىم قىلىڭ.

ئابلەت لەسىدە بولۇپ تۇرۇپ قالدى. رىسالەت ھەر بىر ئىسمنى ئاتىغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇلارنىڭ سىماسى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ يىغىلىپ كەلگەن ئەسەبىيلىكىنى ئۈچۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ قىزىرىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى رىسالەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ ھۆركىرەپ يىغلاشلىرىغا، قاپقارا كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان ياشلىرىنىڭ چىرايلىق مەڭزىنى توختىماي سىيلاپ مېڭىشىغا قاراپ قالغان ئىدى.

— ئوبدان ئاكا، مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغان. سىزمۇ ھالال ئادەمدەك تۇرىسىز. مەن بۇ دۇنيادا پاك - ھالال ئۆتۈپ كېتەي، ماڭا رەھىم قىلىڭ. مېنى پاك - ھالال ياشىغىلى قويۇڭ. پاك - ھالال ئادەم ھەر قاچان ئاللانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئابلەتنى بىردىن يىغا تۇتتى.

— سىز ... سىز خۇدا ئالدىدا ھازىرغىچە ھالال - پاك تۇرالىدىڭىزمۇ؟

— مەن يالغان سۆزلىگەن بولسام، پاكلىقىمنى يوقاتقان بولسام، بۇنداق قىلارمىدىم ئاكا.

— بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پاك ياشىيالامسىز؟

— ئىمانىم بىلەن قەسەم ئىچكەنمەن ئاكا.

— بولدى، ھېساب.

— قاچان ماڭىسىز؟

— ھازىرلا يولغا سېلىپ قويۇڭ ئوبدان ئاكا. ماڭا قىلغىنىڭىز، مېنىڭ بېشىمنى سىلىغىنىڭىز ئۈچۈن خۇدا سىزنىڭ بېشىڭىزنى سىلار ...

ئابلەت تېزلا كېيىندى. ئۇلار بۇ يەردىن تېزلا چىقتى. ئابلەت پەقەت ئۈندىمىدى. كۈتۈش زالىدىكى ئورۇندۇقتا رىسالەت خاتىرجەم ئۇخلىماقتا. ئۇ شۇنچە ئۇماق. ئۇ ھازىر گويا ئۆز ئۆيىدە ئۇخلىماقتىدى. ئابلەتنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ئاز بولسىمۇ، بۇلار مېنىڭ كۆڭلۈم.

ئابلەت بىر سومكا ئالما، بادام، خورما، يەنە بىر بولاقتا تۈگۈنلەر پىشۇرغان قوي گۆشىنى پويىز دېرىزىسىدىن رىسالەتكە سۇنۇپ بەردى.

رىسالەتنىڭ كۆزىدىن توختىماي ياش قۇيۇلدى، ئاغزىغا گەپ كەلمىدى:

— مەن ... مەن ... قەسەم قىلمىغان بولسام ...

— ياق ... ياق ... ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ.

ئابلەتنىڭ تەلەتى قايتا ياۋۇزلاشتى.

— پاك - ھالاللىقنى ئىمانىڭىزدەك ساقلاڭ ... مەن ... مەن بۇلغۇنۇپ كەتتىم، ئەمما پاكلىق - ھالاللىقنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن. خەير، ئامان بولۇڭ...

ۋوگزال سۇپىسىدا بېشى مەيدىسىگىچە ساڭگىلاپ كەتكەن ئابلەتتىن باشقا ئادەم قالمىدى. ئۇ قەيەرگە مېڭىشىنى بىلەلمەي ھالسىرىغان كۆزلىرىنى ئاستا ھەر تەرەپكە يۆگۈرتتى.

1989 - يىل 17 - ئۆكتەبىر، لەنجۇ







ئىمىن ئەھمىدى

## سەھرادىكى تەرمىلەر

### بۆشۈك مۇھەببىتى

ۋاڭ - چۇڭ كوچىلاردا ياشىدىم ئۇزۇن،
دىلغا جا بولمىدى ئۇندىن ھاياجان.
بوينۇڭغا بىر لەھزە ياماشتىم جۇنۇن
نىمجان يۈرىكىمدە كۆۋەجىدى قان.
قەلبىمگە ئارزۇدىن تاشلىدىڭ ئۇرۇق،
ياپيېشىل بىر كەلگۈ ئۈزنۈپ چىققاي دەپ.
ۋىسال دەملىرىنى قويىدىڭ قۇرۇق،
قېرى توغراقزارلار كەتتى ئېسەدەپ.
قۇملىرىڭنى پۇراپ كۈلگەن بۇ ھايات،
ئۆتكىنى يارىتىش زاتىنىڭ ھۆرمىتى.
تارىخ ئۆيىنىدۇ، يىغلايدۇ ئەۋلاد،
مېنى تۇغۇپ بولۇپ قالساڭ ئۆز يېتى...

1989- يىل ماي، مەكىت

### ئۆزۈمگە مەسخىرە

كەمبەغەللىكىڭدىن قاچىمىدىم يىراق،
باي بولغانلىقىڭغا قالمىدىم ھەيران.
سېتىپ ئالما زىنھار پۇلغا نادانلىق،



نادانلىق بايلىقنى ئەيلەيدۇ ۋەيران.
كونا مەرابلارغا يۈكۈنمە يەنە،

زېمىن ساداسىغا قۇلىقىڭنى تۇت.
قان ۋە تەرسەن ئۈچۈن تەگسىز ئەنئەنە،

يېشىڭنى تاغلارنىڭ ئوتىدا قۇرۇت.
بالىنىڭ دادىغا قاتتىق سۆزلىشى—

كۆپۈرلۈق بولسىمۇ، بولسۇن بىر قېتىم.
دەۋر قەيەردەيۇ، خىيالىڭ نەدە؟
بوۋاڭ مەھمۇد بولسا، ئۆزۈڭ ئەمدى كىم؟

1989- يىل سېنتەبىر، قەشقەر

## ساڭا بىر سۆز

كونا چاپىنىڭنى تاشلىۋەت مەيلى،
قارا چاچلىرىڭنى بۇدرە قىل تامام.

بەدەن - بەدىنىڭدىن ئەتىرنىڭ ھىدى—
پۇرىسۇن،كونىلىق پۇتسۇن ۋەسسالام.

مېنى دورىماسقا قەسەم ئىچىپسەن،
ئەلۋەتتە مېنىڭدىن ئاشىقىڭنىڭ تۈزۈك.

ئەلۋەتتە بۇ ئەسىر بوستانلىرىغا—
كۆتۈرۈشىڭ كېرەك مەندىن ئېغىر يۈك.

لېكىن ئېسىڭدە تۇت، ئاتاڭ بىر چاغدا
يالاڭئاياغ يۈرۈپمۇ ئالەمنى ئۇتقان.

كىمكىمىز - پالازدىنغۇ ئالىمدىك مىراس،
ئويلىغىن، بارمۇ - يوق قەلبىڭ ئۇنتۇتقان؟

1990- يىل ئاپرېل، قەشقەر

## چالا سۆيگۈ

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت كەتمىدى،
سىرغىمىدى پېشانەڭدىن تەر.

مەھەللەمنى كۆرۈپ - تۆكۈلۈپ،
ئېيتتىڭ: ئىكەن ئالقانچىلىك يەر.

ئۇنچىقمىسام، قىلدىڭ مەسخىرە:
خەرىتىگە چۈشمەيدىكەن دەپ.

بۇ سۆز قانداق كەلدى تىلىڭغا،
ئۈزۈپ غۇنچە، تۇزلىرىڭنى يەپ؟

خەرىتىدىن چىقمىسا مەيلى،
ئالقانچە يەر ئالەمچە ماڭا.

ئۇنتۇپسەن، ئۇ بىر ئوغلىنى—
سوۋغا قىلغان ئەمەسمۇ ساڭا؟

1990- يىل ئاپرېل، قەشقەر

## غەمسىز ئېقىنلار

ئولتۇرۇمەن ئېرىق بويىدا،
ئېقىۋاتقان لاي سۇغا قاراپ.

لەيلەپ يۈرگەن كۆپۈكلەر ئاستا
نىشان ئىزدەپ كېتەر ئالدىراپ.

غۇجمەك - غۇجمەك چېچەك چاچرىتىپ،
شىرىلدايدۇ ئەلەمسىز ئېقىن.

چىرايىمغا باققىن دېگەندەك،
سېرىق ياپراق كېلىدۇ يېقىن.

ئوقتەك ئۇچقان بىر جۈپ قارلىغاچ،
سۇ يۈزىگە تۇتتى لېۋىنى.

خۇددى گۆھەر سۇزۇۋالغاندەك،
ئالقىشلىدى بىرى-بىرىنى.

ئوي - خىيالىم كەتتى ئۇزاقلاپ،
بىر نۇقتىغا تىكىلدى كۆزۈم.

گاھى كۆپۈك، گاھى ياپراقتىن
كۆرۈنگەندەك بولاتتى يۈزۈم ...

1990- يىل ئاپرېل، يېڭىشەھەر

## قوش يۈرەك

پەقەت بىر كۈن كۆرمەيمەن سېنى،
بىر كۈنگىچە يۈرەك مەندە يوق.

قويۇپ كېتىمەن قولۇڭغا ئۇنى،
ئۇنتۇتتى دەپ ئېتىۋەتمە ئوق.

بۇ تەنھا ئەسلى ساڭىلا تالىق،
كۆكسى - قارنىڭغا تۇرسۇن قوشۇقلۇق.

ئادەملەردىمۇ بىردىن يۈرەك بار،
قىلمايدۇ ئىككى بولسا ئوشۇقلۇق.

1990- يىل ئاپرېل، قەشقەر

## سەھرا، سەھرا

چۈشۈمنى سەھرالارغا ياتلىق قىلدىم،
چاڭقاق خىيالىمنى قاناتلىق قىلدىم!

خالتا كوچىلاردىن بەزگەن كۆڭلۈمنى،
پىنھان دالالاردا تاتلىق قىلدىم.

مىسكىن ناخشا تاۋلاپ چارچىدى يۈرەك،
ئۇنى ئېتىزلاردا سۇپاتلىق قىلدىم.

ئېگىز بىنالاردىن چۈشتى ئەقىدەم،
لاي سۇ تەشنالىقنى قاتتىق قىلدىم.

مۇھەببەت ھەم ساۋاب ھەم گۇناھ ئىمىش،

مەن ھەر ئىككىسىنى تازا جىق قىلدىم،
يىراق، كېتىپ قېلىپ سەندىن بىمەھەل،
شۆھرەت ئىزدەپ چەتتە سەت قىلىق قىلدىم.
سېنى سۆيمەس چاغدا سىياقىم دەرۋىش،
سېنى سۆيۈپ نامىم ئاتاقلىق قىلدىم.
لېۋىڭدىن ئۇزاتتىڭ كۆيۈپ تۇرغان مەي،
تومۇر - تومۇرۇمنى قانغالىق قىلدىم.
ياشانغان سۆيگۈنى ياشارتىمەن دەپ،
ئېھتىمال سېنى يامان ئاتلىق قىلدىم.
سەندىن كەلگەن ئۆمۈر قايتىمدۇ ساڭا،
دېمەك، ئۆمۈرنى سەندە بىر ياقلىق قىلدىم.

1991- يىل ئاپرېل، قەشقەر

## سۆيگۈ ماكانى

ھەرنىچچان ئېسىل دۇرنى كاندىن ئىزدە،
كارابىنى كۆلدىن ئەمەس، قىياندىن ئىزدە.
پەرھاد بولما كۆيۈپ ئەرمەن قىزىغا،
شېرىننى ئۆز كوچاڭدىن، ياندىن ئىزدە.
جاندىن كەچمىگۈچە جانان تېپىلماس،
جانانىنى ئەقىدىدىن، جاندىن ئىزدە.
داڭقاللار ئۈستىگە قونمايدۇ بۈركۈت؛
بۈركۈتنى تاغلاردىن، بوراندىن ئىزدە.
خام خىيال ئىشىكى دوزاختىن بەتتەر،
ئارمانىنى ئېتىزدىن - خاماندىن ئىزدە.
سۆيگۈ سەيناسىدا سەن تۇلپار ئوينات،
نىشان مەنزىلىنى داۋاندىن ئىزدە.
ھەۋەس بازارىدىن ئاختۇرما مېنى،
ئەۋۋەل كۆڭلۈڭنى بەر، ئاندىن ئىزدە.
ئەجەبمۇ كۆيدۈڭ دەپ ياقاڭنى تۇتما،
بۇ كۆيۈك ھۆلىنى زاماندىن ئىزدە.

1991- يىل ئاپرېل، ئاتۇش

## ئون سەككىز يېشىڭ ...

سەن كەتكەن شۇ يولغا قارايمەن ھەر تاڭ،
قەلبىمنى بىر تاتلىق ھېسلار ئورايدۇ.
غۇر - غۇر سالقىن بىلەن تولغان ئېدىرلار
يېشىڭنى سەن ماڭغان يولغا بۇرايدۇ.
ئايىغىڭ ئاستىدىن توزۇپ چىققان چاڭ
قېنى نىگارىڭ دەپ مەندىن سورايدۇ.
سەۋەب شۇ، سەن بىلەن يۈرگەچ بىرزامان،
يۈرىكىم پۈتۈنلەي باھار پۈرايدۇ.
سېنىڭ كۈلكەڭ ئىچرە ئاۋاز تاپقان سۇ،
ساڭا ئوخشاش كۈلۈپ سېنى سورايدۇ.
دىلىڭ پاكلىقىدىن نۇسخا ئالغان قار،
باھار مايىسىغا لىباس ئورايدۇ.
سېنىڭ ھىدىڭ بىلەن ئاتانغان ئەترە،
نىگاھىمنى باشقا گۈلدىن تورايدۇ.
چۈنكى شۇ پەرىشتە - غۇنچىدەك ۋىسالىڭ
تۈپەيلى سېنى دائىم باھار سورايدۇ.
ئون سەككىز ياشلىق قىز ئۆتكەن كوچىدىن
تاھازىرغا قەدەر باھار پۈرايدۇ.

1991- يىل ئاپرېل، ئاقسۇ

## چىرايىڭمۇ ياكى قەلبىڭمۇ

خۇيۇڭ بىلسەم سۆيمەيتتىم سېنى،
بىلمىگەچكە سۆيدۈم ئېرىنمەي.
بىلمىگىنىم بولدى خۇشاللىق،
قالدى ئەلەم كۆزگە كۆرۈنمەي.
سۆزلىمىگىن كەچۈرمىشىڭنى،
مەندىنمۇ ھەم سۈرۈشتۈرمە سىر.
نادان بولۇپ ئۆتۈپ كېتەيلى،
دىلغا گۇمان قوندۇرمىسۇن كىر.
يالغانلىقىڭ ئاجايىپ گۈزەل،
يۈرىكىمدىن تامچىمايدۇ ياش.
توۋا دېيەن چۈشەنمەي تۇرۇپ،
بولغاندىمىز نېمىشقا مۇڭداش؟

1991- يىل ئاپرېل، كۇچا

## يەنە سەھرا

كەلگەندە قايتىشىنى ئۇنۇتتى كۆڭۈل،
دىمەككى رۇخسارىڭ مېنى قىلدى رام.
ئارمىنىم تۈگىمىدى ئىككى مەڭزىم ھۆل،
ۋىسال مەلھىمىگە ئېرىشتى يارام.
پاكار ئۆيلىرىدە تاغنىڭ قامىتى،
يىراقلىق ئاردىغا سوقالمىدى تام.
ئەپسۇس ياشلىقىمنىڭ ئاپئاق ۋارىقى،
سەنسىز نەچچە يىللار بولدۇم بىئارام.
ئېرىق - ئۆستەڭلەردە زەمزەم تۈگىمەس،
يۇلغۇنۇڭ تۈۋىدە ئالىمەن ئارام.
سېنى دەپ جان بېرىش ماڭا غەم ئەمەس،
شانىڭغە ھەر جايدا كۆتۈرىمەن جام.

1991- يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# كۆيگەن تاغلار

1

كۆيۈپ ھېچنەرسىسى قالمىغان تاغ دەپ
گۈل - گىياھلارنىلا نەزەردە تۇتتۇڭ.
كۆيۈكنىڭ بەلكىسى شۇنچىلىك بولسا،
دېمەك بىر مۇقەددەس ئىشنى ئۇنۇتتۇڭ:
سېنىڭ ئىشق - پىراقىڭ قەلبىمنى ئۆرتەپ،
نىگاھىمنى خىرە ئەيلىگەن بىر چاغ.
ھەر بىر تەلمۈرتۈشۈڭ چىرايىمنى يەپ،
چۈشۈرگەن قاش - كۆزۈم سەيناسىغا داغ.
بالىلىق ھەۋەسلەر، يىگىتلىك ھىجران،
ئىچىمدىن ئاسمانغا ئۆرلەتكەن تۈتۈن.
ساڭىلا تەئەللۇق بولسىمۇ بۇ جان،
روھىي ماجالىمنى قىلمىغان پۈتۈن.
ۋىسال دەرياسىدا ئۈزمىگەن ئاھىم،
ئاخىر مېنى بەختكە پۈركىدى پەۋەس.
دېمەك شالاڭ چاچلار، سولغۇن چىرايىم،
كۆيۈپ تۈگىگەنىمنىڭ گۇۋاھى ئەمەس.
گۈل - گىياھ ئۆلىدۇ، ئۆلمەيدۇ تاغلار،
كۆرمەمسەن قامىتى ئەجرىدىن دېرەك.
مېنىڭ سۆيگۈمدىمۇ بولغاچ قىبلىگاھ،
چىرايىمدىن بۇرۇن كۆيگىنى يۈرەك...

2

بۇ كۆيۈك تاغلارنىڭ ئوتى بار ئەجەب،
كۆيىدۇ ئۇنىڭدا يامغۇر ھەتتا قار.
تاغلار كۆيىدى دېگەن شائىرانەگەپ،
چۈنكى ھەر كۆيۈشتە مىڭلاپ تىلسىم بار.
بەزىسى بىر كۆيىدى لاۋالار ئېتىپ،
تارىخنىڭ بېتىگە ئويىدى نامىنى.
بەزىسى بىر كۆيىدى ھالىدىن كېتىپ،
لېۋىگە ئالىمىدى پىراق جامىنى.
بىرلىرى ئىش - ئوتەك ئىچىدە ھامان،
كۆيگەن يە، ئۆچكىنى ھاياتقا مەۋھۇم.
بىرلىرى بىھۇدە ياساپ مالىمان،
يوقالدى زېمىندىن بولۇپ كۈمپەيكۈم.
ئانەم ياراتقۇچى كۆيۈپ ئۆلمەسكە
ھەممە تاغلارنى تەڭ قىلمىدى قادىر.
پەقەت كۆيەلىدى سۈيۈنۈپ ئەلگە
مۇھەببەت قۇچاقلاپ ياتقان باھادىر.
مەندىكى سۆيگۈنىڭ مەنبەسى سەندە،
شۇڭا ئاھ ئۇرمىدىم بىكاردىن - بىكار.
تاغدىكى كۆيۈكنىڭ يىلتىزى يەردە،
ھېچنەرسىسى يوق دەپ رەنجىمە نىگار.

3

كۆڭلۈڭ بەكمۇ ئوچۇق، سۆزلىرىڭمۇ ھەم-
دېسەم كۆيۈك تاغنى قىلدىڭ ئىشارەت.
پاكى ئۇ يالىڭاچ سىياقى بىلەن -
بەرگەنمىدى ساڭا ئۆزگە بىشارەت؟
دۇرۇس كۆيگەن تاغدا بولمايدۇ نىقاب،
يۈرىكى ئېچىلىپ قالىدۇ ئۇنىڭ.
ئۇلۇغلۇق ئاشكارا سۆيگۈدە ھامان،
شۇڭا ئېتىقادىم تاغلاردا مېنىڭ...

4

كۆيۈك تاغ قوينىدىن ئالتۇن تاپتۇق دەپ،
جىلغىلار ئىچىدە بولما ئاۋارە.
ئۇ شۇنچىلىك بايلىق، شۇنچىلىك بەرىكەت،
كولىساڭمۇ يەنە قىلىپ مىڭ پارە.
شۇ تاغنىڭ باغرىدا باشقا بىر ئالتۇن،
ئۇيۇللۇق، ساپلىقتا ئەلا مىڭ ھەسسە.
يىداكارلىق ئاڭا ئەزەلدىن ئۇدۇم،
تۈگىمەيدۇ يىللاپ كولىسا، كەسسە.
ئۇ زېمىن ئۇمىدى، تاغلار ئادىمى،
ئۇ مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلغان كان.
ئۇنىڭدىكى تۇھپە، ئۇنىڭ بەرگىنى،
چەكسىز ئېتىزلاردا ئۆركەشلىگەن قان...

5

مان بۇ كۆيۈك تاغدىن قورقىمەن دائىم،
خۇددى سورايدىغان سوئالى باردەك.

دېيەلمەيمەن ئۇنىڭ ئالدىدا لام - جىم،
رەڭگىم گاھى ئەنجۈر، گاھى ئانار دەك.
قاچانلا تىكىلسەم كۆزلىرى مەندە،
بىر ۋەھىمە بىلەن تىترەيمەن لاغ - لاغ.
بولالماسەنمۇ دەپ ئىشقىمغا بەندە،
چۆچۈپ يۈرگىنىمدەك سېنىڭدىن بىر چاغ.
ئاھا ئۇشبۇ ئەنسىزلىك سۆيگۈ بالاسى،
شۇڭا پېتىنالمايمەن ئۇدۇل قاراشقا.
ھۆسنۈڭگە قىلغاندا مەھلىيا مېنى،
ئۆگەتكەنمىدىڭ يەشۇنداق ياشاشقا؟

6

بىر كۆرۈپ كۆيمەكلىك چىرايىڭنىڭ ئىشى،
كەتكەندە ئۇھ تارتىش يۈرەككە تالىق.
كۆرۈمسىز ھۆسنۈڭدەپ بۇتىنغان كىشى،
ئۆتكۈزەر سۆيگۈدە ئەڭ زور خاتالىق.
تىرنىقىڭنى تاتلاپ تۇرغان كۆڭلىرىڭ،
قەلبىڭگە تىرنىقىڭ بولغانمۇ ئىسپات؟
تارتىنىشىڭمىدى يە ئۇنچىقماسلىقىڭ،
يە ئاۋازسىزمىدى سەندىكى پەرياد؟
ھەر ئۆتسەم ئاستانەڭ ئالدىدىن ئاستا،
يەنە شۇ تۇرقۇڭ، يەنە ساپلا تاش.
بىر سۆيگۈ سەۋداسى ئەۋەتتىڭ ماڭا،
ئېيتقىن گۈزەللىكىڭ نەدە قەلەمقاش؟

7

گاۋدەڭ بولالمىسام، تاشلىرىڭ بولاي،
لېۋىڭ بولالمىسام، قاشلىرىڭ بولاي.
ئۆلسەم روھىم سەندە، تىرىك تۇرسام جېنىم،
كۆلكەڭ بولالمىسام، ياشلىرىڭ بولاي.

8

ئورمانىڭنىڭ تېگىدە ياتقان تاغلار بار،
يېتىم بالا كەبى بوينىنى قىسىپ،
كۆكسىدە قار - بوران قىلىدۇ شىكار،
ئۈزلىقىنى يىللار ئالىدۇ كېسىپ.
بۇ كۆيگەن تاغلارغا چۈشمەپتۇ سايە،
ئۇنىڭغا مەجنۇنتال بولماپتۇ نېسىپ.
ھەتتا ئادەملەرمۇ قويماپتۇ ئاياغ،
خۇددى قەدىرسىزدەك ياندىكى ھېسىپ.
مەيلىغۇ، ئۇ مەغرۇر ياتىدۇ يەنە،
بىر ئانا تۇپراقنى قوينىغا بېسىپ.
تاجىسىز بېشىنى تۇتىدۇ كۆككە،
قوش چوققىلىرىدا بۇلۇتنى كېسىپ.

9

تاڭ بىلەن قارايمەن قۇياش كۆيۈك تاغ-
كەينىدىن چىقىدۇ يۈزلىرى شەلپەر.
كەچقۇرۇن قونالغۇ ئىزدەيدىغان چاغ،
جىلۋە قىلار ئۇنىڭ سىياقىدا زەر.
بۇ قانداق مۆجىزە ئەسىرىدىن ئەسىر،
قۇياش كۆيۈك تاغنى ئايلىنىپ ماڭغان؟
تاغدىن سادا كەلدى: ئەسلىدە قۇياش-
ئوتىنى شۇ كۆيۈك تاغلاردىن ئالغان...

1991- يىل مارت، قىزىلسۇ-ئوستۇن ئاتۇش



# ئۇيغۇر «12 مۇقامى» دائىرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى مەسىلىسى





ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## 1

ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «12 مۇقام»نىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ «ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئەرەبلەردىن كەلگەن، ئۇ ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى» دەيدىغان سەپسەتەلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ھەقدارلىق مەسىلىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بىراق، ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ «12 مۇقام»غا



ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى

تەسىرى مەسىلىسىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن قاراش تېخى يېتەرلىك بولمىغاچقا، بىر قۇتۇپتىن ئىككىنچى قۇتۇپقا سەكرەپ، ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىنكار قىلىش خاھىشى پەيدا بولماقتا. بۇ خاھىش «12 مۇقام»نىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا كۆرسىتىلمەۋاتقان تىرىشچانلىقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە «12 مۇقام» تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي ئۆلچەم بىلەن ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. چۈنكى ئۇيغۇر «12 مۇقامى» بىلەن ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىغا باراۋەرلىك ئالامىتى سىزىش ئىنتايىن خاتا بولغىنىدەك، «12 مۇقام»دا ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئىلمىيلىققا خىلاپ بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتۇر.

مەلۇمكى، مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمدىن تارتىپ مۇتلەق «ساپ مىللەت» بولمىغىنىدەك، سىرتقى تەسىردىن خالىي مۇتلەق «ساپ مەدەنىيەت»مۇ بولغان ئەمەس. قانداقتۇر مۇتلەق «ساپ مىللەت» ۋە «ساپ مەدەنىيەت» نۇقتىئىنەزەرى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ئۈچ بۈيۈك ئىقتىساد (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا)، ئۈچ قەدىمكى مەدەنىيەت (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىند مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى)، ئۈچ بۈيۈك دىن (بۇددا، خرىستىيان ۋە ئىسلام دىنى)، ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى (خەنزۇ - شىزاڭ، ئالتاي - ئورال، ھىند - ياۋروپا تىللىرى) بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن زېمىندە، ئۆز دەۋرىنىڭ دۇنياۋى قاتناش لىنىيىسى - «يىپەك يولى» تۈگۈنىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۇزۇن تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ بەزى قەدىم مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتتۇر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن «12 مۇقام»مۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئەمما، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، مەدەنىيەتتىكى كۆپ مەنبەلىك دېگىنىمىز پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ياشىغان مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ مېخانىك ھالدا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر داشقازان ئۈمىچى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا، مىللىي ئىستېتىك زوقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان ھالدا ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈپ ئېلىشقا قارىتىلغان. باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بۈگۈنكى كۈندە قانداق مۇھىم رول ئويناۋاتقان بولسا، تارىختىمۇ شۇنداق مۇھىم رول ئوينىغان بىر خىل ئىلغارلىق ئىدى. قەدىمدىن بۇيان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى باشقىلاردىن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھال «12 مۇقام» دىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «12 مۇقام» نىڭ قەدىمكى ئۆسەن (كۇچا)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئۇيغۇرقول (قۇمۇل) مۇزىكىسى، كېيىنرەك دولان مۇقام كۈيلىرى ئاساسىدا بىخلىنىپ، يىلتىز يېيىش بىلەن قېلىپلاشقان بىر مۇزىكا سىستېمىسىغا ئايلىنىش جەريانىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ بېيىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق سىرتقى ئامىللار ئىچىدە تەسىرى تولاراق بولغىنى ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى بولغاچقا، بۇ توغرىلىق ھەر

خىل قاراشلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ تەبىئىي. بۇ ماقالىدە ئەنە شۇ مەسىلە، يەنى ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ زادى قاچان، قانچىلىك دەرىجىدە ۋە قانداق قىلىپ بولغانلىقى ئۈستىدە بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ مەسىلە قانچە ئەتراپلىق ھەل قىلىنسا، مۇقام ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ ساغلام داۋام قىلىشىغا شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ. بىراق، ئۆزۈم مۇزىكا ئەھلى بولمىغىنىم ئۈچۈن، مۇزىكىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ۋە نازۇك سىرلىرى ھەققىدىكى گەپلەرنى مۇتەخەسسىسلەرگە قالدۇرۇپ، پەقەت ئەرەب مۇزىكا تارىخىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تارىخىي نۇقتىدىن سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىمەن.

## 2

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى بىر مۇنچە ئەللەردە خېلىدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىۋاتقان تېمىلارنىڭ بىرى. شەرق ۋە غەرب ئالىملىرى بۇ تېمىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان. نەتىجىدە ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى دەپ تونۇلماقتا. شۇ جۈملىدىن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى «جاھىلىيەت» دەۋرىدىلا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدىكى ناخشا - قوشاق ۋە ئىپتىدائىي چالغۇ ئەسۋابلىرى مەيدانغا كەلگەن دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. مىلادى I - III ئەسىرلەردىن ئېتىبارەن، سودا كارۋانلىرى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، كارۋان قوشاقلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بەگلىك ياكى كىچىك - كىچىك خانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئوردا - سارايلاردا كەسپىي سازەندە ۋە مۇغەننىيە (ئايال ناخشىچى) لار، داپ بىلەن ناخشا ئېيتىدىغان ھاپىزلار مەيدانغا كېلىشكە باشلاپ، V - VI ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قەسىدىخان شائىرلارمۇ پەيدا بولغان. ئىبنى ئابۇدا، رابىيە قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، مىزخەر، باربۇد، ئۇد، تابىل دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ پەيدا بولغان. ئەبۇ نەسىر فارابىينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە ھازىرقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل تەمبۇرمۇ بار ئىكەن. بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە قەدىمدىن مەشھۇرراقى «ئۇد» دەپ ئاتالغان بىر خىل ساز بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئۇد» دېيىلگەن. («ئۇد» ئەرەبچىدە ياغاچ دېمەكتۇر).

قەدىمكى ئەرەب چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى دەپ تونۇلغان باربۇد توغرىسىدا شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بىر مۇنچە ئالىملار (مەسىلەن، ياپون ئالىمى ئەنبىيەن چېڭشۇڭ) باربۇدنى پارسلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى دېسە، گېرمانىيە ئالىمى دوكتور كۇرت ساكس باربۇدنى سانسكرت تىلىدىكى daharbu دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. باربۇدنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى «پىپا» بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى (III - ئەسىر)دە ياشىغان مەشھۇر تىلشۇناس ليۇشى ئۆزىنىڭ «ئاتالغۇلار ئىزاھاتى — چالغۇ ئەسۋابلىرى قىسمى» ناملىق كىتابىدا باربۇدنىڭ ئەسلى ۋەتىنى «غۇرلار» (قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىدە ياشايدىغان مىللەتلەر) دىيارى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ چالغىلى بولىدىغان بىر خىل ساز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەن. يەنە بىر مۇنچە خەنزۇچە ماتېرىياللاردا باربۇدنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي دىياردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە باشلىغانلىقى، سۈي-تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە (مىلادى VI ئەسىردە) كۈسەن باربۇدىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە كەڭ تارقالغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ پاكىتلار باربۇدنىڭ ئەرەبلەرگە ھازىرقى شىنجاڭ

ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سوۋېت ئۆزبېك ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، مىلادى VI - VII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ بەيرەمەلى ۋىلايىتىگە يېقىن مەرۋە شەھىرىدە باربەد ناملىق بىر مۇزىكانت ياشىغان. ئۇ كىشى ھەم كومپوزىتور، ھەم ھاپىز، ھەم شائىر بولغان. باربەد ئۆز ھاياتىدا ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىگە نىسبەت بېرىپ، يەتتە خىل ئاھاڭ توپلىمى، ئاينىڭ 30 كۈنىگە قىياسلاپ 30 كۈي، يىلنىڭ 360 كۈنىگە بېغىشلاپ شۇنچە كۆپ تەرانە (ئاھاڭ - كۈي) ئىشلىگەن. بۇ كۈيلەرنىڭ ھەممىسىنى باربۇد بىلەن ئورۇنلىغان. (شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كىشىنىڭ نامى باربەد دەپ ئاتالغان). ئۇ ئىشلىگەن تەرانەلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ، ئۆزبېك «شەش مۇقامى» (ئالتە مۇقام) دىكى «زەرەفكەند»، «خۇسرەۋانى»، «نەۋرۇزى بۇزرۇك»، «نەۋرۇزى ئەجەم»، «نەۋرۇزى خارا» مۇقام يوللىرىدا باربەد ئىجادىنىڭ ئەنئەنىلىرى بىۋاسىتە داۋام قىلماقتا. فارابىي، ئىبنى سىنا ۋە ئابدۇراھمان جامىي قاتارلىق زاتلار باربەدنىڭ مۇزىكا ئىستېداتىغا يۈكسەك باھا بەرگەن.

بۇ پاكىتمۇ، باربۇدنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئۆز مىللىي سازى ئەمەس، پارسلاردىن كىرگەنلىكىنى، پارسلارغا بولسا، بىزدىن كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ شۇ دەۋردىكە دائىر ماتېرىياللىرى شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى، ئەرەبلەر ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇنلا قەدىمكى مىسوپاتامىيە مۇزىكا ئەنئەنىسى بىلەن پارس مۇزىكا ئەنئەنىلىرىدىن كۆپ بەھرىمەن بولغان. جۈملىدىن، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي ساھىلى (قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرى) بويلاپ، شىمالدىن جەنۇبقا كۆچكەن يەھۇدىلار ئارقىلىق ئىبرانى مۇزىكىسىنىڭمۇ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا، يۇنان، ئىران، خۇراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ھېسابىغا مۇزىكا مەدەنىيىتى جەھەتتە ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى.

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئەرەب مۇزىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن سالۋادور دانىيال، ئېرلانگېر بارون، كۇرت ساكس، گېئورگى فارمېر، ئەنبىيەن چېڭشىزىك ۋە فەن تيەن قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى گۈللىنىش مەنزىرىسى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە نامايەن بولىدۇ:

خەلىپايى راشىدىدىن (دەسلەپكى تۆت خەلىپە) دەۋرىدىن كېيىن، مىلادى 662 - يىلى مائاۋىيە تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، يۈز يىلچە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇمەييە خەلىپىلىكى دەۋرىدە مۇزىكا سەنئىتى ئىسلامىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكىگە قارىغاندا بىر تەدەر ئەركىن راۋاجلىنىشقا ئېرىشتى. مۇزىكانتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستى. مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىش قۇللارنىڭلا كەسپى بولۇپ قالماستىن، «ئەر-كىن» كىشىلەردىنمۇ مۇزىكانتلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ھەتتا مۇزىكا ئىلمىنىڭ مەلۇم شەكىلدىكى جەمئىيەتلىرى مەيدانغا كەلدى، مۇزىكا نومۇرلىرى ئوردا سارايلىرىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتكىمۇ كۆرسىتىلىدىغان بولدى. شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر غەزەلخانى جەمىلە (ۋاپاتى مىلادى 720 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) مەدىنە ۋە مەككىدىكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن مەشىق ئورۇنلىرى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ئايال مۇزىكانتلارنىڭ ھەج قىلىش ئۆمىكى مەككىدە زور مۇزىكا مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئىبنى مىسجىخ بىلەن ئىبنى

سەلىج قاتارلىق مەشھۇر ھاپىزلارمۇ شۇ دەۋردە يېتىشكەن. ئىبنى سەلىج ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بارغان تۈركىي ئىللىق بىر قۇلنىڭ ئوغلى بولۇپ، «ئۇد پارسى» دېگەن سازنى ئەرەبلەر ئارىسىدا تارقاتقان شۇ كىشى ئىدى. بۇ دەۋردە، يۇنانلىقلارنىڭ مۇزىكىغا دائىر ئەسەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشقا باشلاپ، ئەرەبلەر يۇنانلىقلارنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ مۇزىكا ئىلمىگە دائىر ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى، يۇنۇس ئەل- كاتىب، ئىبنى ئەل- قەلبى قاتارلىق ئالىملارنىڭ «كىتاب تەرانە»، «كىتاب مۇغەننىيە» ناملىق كىتابلىرى مەيدانغا كەلدى. X ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پارس ئالىمى ئىسفىخانىينىڭ «قامۇسۇلغىنا» (ناخشا-كۈي قامۇسى) ناملىق ئەسىرىدىمۇ شۇلارنىڭ ئاساسىدا يېزىلغان دېگەن مەلۇمات بار.

بۇ دەۋردە ئەرەب مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بۇقەدەر راۋاج تېپىشىنى ئۇمەييە خەلىپىلىرىنىڭ پەن ۋە سەنئەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، تۇنجى خەلىپە مائاۋىيە شەخسەن پەن ۋە سەنئەتنىڭ ھامىيسى ئىدى. ئىككىنچى خەلىپە ۋەلد I مۇزىكا خۇشتارى بولۇپ، «مۇسۇلمان ئوردا سارايلىرىنى دىنسىزلەشتۈرۈۋەتتى» دېگەن سۆزلەرگىمۇ قالغان؛ ئۈچىنچى خەلىپە ۋەلد II دەۋرىدە مۇزىكا ئەڭ گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش، شېئىر يېزىش ۋە ئاھاڭ ئىشلەش بويىچە شۇ زامانىنىڭ ماھىرلىرىدىن ھېسابلىناتتى.

پايتەختنىڭ مەدىنىدىن دەمەشققە كۆچۈرۈلگەنلىكى تۈپەيلى، بۇ دەۋردىكى ئەرەب مۇزىكىسىدا سۈرىيىنىڭ يەرلىك پۇرىقى ئالاھىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى.

مىلادى 750 - يىلى ئۇمەييە خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلۇپ، شەرقتە باغداتنى پايتەخت قىلغان ئاببباسىيلار خەلىپىلىكى، غەربتە (ئىسپانىيىدە) كوردوۋانى پايتەخت قىلغان كېيىنكى ئۇمەييە ياكى غەربىي خەلىپىلىك قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەرەب مۇزىكىسىدا تېخىمۇ يۈكسىلىش مەيدانغا كەلدى.

ئاببباسىيلار ئەڭ كۈچەيگەن دەۋردە، خەلىپىلىكنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە ئىران ۋە خۇراساندىن ئېشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغىچە، غەربتە جەنۇبىي ياۋروپانىڭ بىر قىسمى بىلەن شىمالىي ئافرىقىغىچە كېڭەيدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب مۇزىكىسى باشقا مىللەتلەر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېرىشتى. بۇ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تەخمىنەن مۇنداق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

يۇنانلىقلارنىڭ ئىلمىي مۇزىكا نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىدىن ۋە ئىسلامغا كىرگەن باشقا خەلقلەر ئىچىدىن خاككام ۋادىي، ئىبراھىم مەۋسىلى، ئىبنى جامىي، زالزال، زەرياپ، ئەل- كىندىي، ئىبنى قۇردابىي، ئىسفىخانىي، ئابۇ نەسىر فارابىي، ئىبنى سىنا قاتارلىق زور ئالىم ۋە مۇزىكا پىرلىرى مەيدانغا كېلىپ، مۇزىكا ئىلمى، مۇزىكا تارىخى، كۈي ۋە رىتىم (ئۇسۇل) نەزەرىيىسى، مۇزىكا پېداگوگىكىسى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىسلاھاتى قاتارلىق باي مەزمۇنلارنى ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. بولۇپمۇ ئارستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان بىزنىڭ فارابىيىمىز نۇرغۇن پەنلەر قاتارىدا مۇزىكا ئىلمىغا دائىر قىممەتلىك ئەسەرلەر (مەسىلەن: «كىتاب ئەل مۇسىقى كەبىر» ۋە باشقىلار)نى يازغاندىن تاشقىرى، يۇنان كىتابلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئەرەب مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن

مۇزىكا مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتا چوڭ رول ئوينىدى. ئۇلۇغ ئالىم ئىبنى سىنا كۈي-ئاھاڭلارنى شەكىللىرى بويىچە تەشكىللەش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 12 خىل ئاساسىي كۈي (ئاناكۈي) شەكلىگە مۇجەسسەملەشنى تەشەببۇس قىلدى. XIII ئەسىرگە كەلگەندە بۇ ئاساسىي (ئانا) كۈيلەرنىڭ ھەر بىرى «مۇقام» دەپ تۆۋەندىكىچە ئاتىلىدىغان بولدى:

ئۇششاق، ناۋا، رۇست، زەنگۇلا، ئىراق، ئابۇ، راھاۋىسي، بۇزرۇك، سەلىك، ھىجازىي، زىرەفكەند، ھۇسەينى.

غەرب ئالىملىرىنىڭ ئابۇنەسىر فارابىي بىلەن ئىبنى سىنانى ئەرەب مۇزىكا تارىخىدىكى ئەڭ زور نەزەرىيىچى ئەللامىلەر دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بىللە ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا قوشقان ھەسسىلىرى توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار يازغانلىقىمۇ (مەسىلەن: ئېرلانگىر باروننىڭ «ئەرەب مۇزىكىسى» ناملىق بەش توملۇق كىتابىنىڭ I ۋە II توملىرى قاتارلىقلار) ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس.

ساز جەھەتتە، قەدىمقىلارنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىرىنى يارىتىش ۋە چەتتىن قوبۇل قىلىش ھېسابىغا ئۇد، قالۇن، تەمبۇر، راۋاب، نەي، سۇرنەي، ناغرا، داپ، كامانچا، ساتار، قومۇز، ئەۋزان قاتارلىقلار بىر قەدەر ئومۇملاشتى. بىراق، بۇ سازلارنىڭ بەزىلىرى نامى جەھەتتىن ھازىرقىغا ئوخشىسىمۇ، ماھىيەتتە باشقىچە ئىدى. مەسىلەن، ئۇ چاغلاردىكى تەمبۇرنىڭ يۈزىگە ياغاچ ئەمەس تېرە تارتىلاتتى، شۇڭا ئاۋازىمۇ داراڭلاپ چىقاتتى. راۋاب غىجەككە ئوخشاش كامانچا بىلەن چېلىناتتى. بەزى سازلار بولسا، توغرىدىن-توغرا چەتتىن كىرگەن ئىدى. مەسىلەن، قالۇن ئەسلىدە مىسىر-سۈرىيىلىكلەردىن، ناغرا بىلەن دۇمباقمۇ مىسىرلىقلاردىن، نەي، تەمبۇر ۋە راۋاب پارسلاردىن، قوبۇز بىلەن ئەۋزان توغرىدىن-توغرا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەردىن كىرگەن دېگەن مەلۇماتلار بار.

ياپون ئالىمى ئەنبىيەن چىڭشۇئىنىڭ: «ئۇچاغدىكى باغدات ئۆز زامانىدىكى بولغان چاڭئەن (تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ھازىرقى شىئەن) نىڭ ئاۋادانلىقى بىلەن ھۆسن تالىشالايدىغان ھالەتكە يەتكەن؛ ئەدەبىيات، سەنئەت، پەن، پەلسەپە قاتارلىق مەدەنىيەت ساھەسى ئومۇميۈزلۈك ھىمايە ۋە قەدىرلەشكە ئېرىشكەن؛ ئوردا-سارايلار مەخسۇس مۇزىكانتلار بىلەن غەزەلخان قىزلار توپلىنىدىغان دەرگاھقا ئايلانغان» دېگەن سۆزلىرىمۇ، ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق، بىر يۈز يىلدىن كېيىن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلىشكە باشلاپ، مۇزىكا تەرەققىياتىدىمۇ تۇرغۇنلۇق ھالىتى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسپانىيىنىڭ جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان ئاندولۇتسىيە (ئەندەلس) رايونىدىكى كوردۇۋانى پايتەخت قىلغان غەربىي خەلىپىلىك دائىرىسىدە مۇزىكا سەنئىتى يەنىلا يۈكسىلىش دەۋرىدە تۇراتتى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زەرياپ قاتارلىق مۇزىكىشۇناسلارنىڭ پائالىيىتى كەڭ ئەۋج ئالدى. غەربىي خەلىپىلىكتە مۇزىكىنىڭ تەرەققىياتى تاكى مىلادى 1492- يىلى ئەرەبلەر ئىسپانىيىدىن قوغلانغانغا قەدەر داۋام قىلدى دېيىشكە بولىدۇ. مۇزىكا سەنئىتى جەھەتتە ھەر ئىككى خەلىپىلىك دەۋرىدە ئوخشاشلىق كۆپ بولغاچقا، غەربىي خەلىپىلىكتىكى ئەھۋال توغرىسىدا كۆپ توختالماي، شۇنى ئەسكەرتىشنىڭ ئۆزى كۇپايىدۇركى، شەرقىي خەلىپىلىك، يەنى ئابباسىيلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە، ئۇنىڭ پايتەختى باغدات شەھىرى چاڭئەن بىلەن «ھۆسن تالىشالايدىغان» دەرىجىگە يەتكەن بولسا، غەربىي خەلىپىلىك گۈللەنگەن دەۋرىدە، ئۇنىڭ پايتەختى كوردۇۋا مەدەنىي ھايات جەھەتتە ۋىزانتىيە پايتەختى

قوستانتىنىيە (يەنى كونستانتىنوپول)دىن قالسىلا ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئاۋات شەھەر بولۇپ قالغان ئىدى.

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، چىڭگىزخان ئەۋلادى بىلەن سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن، باغداتنىڭ ئاۋادانلىقى تېزگىنە ئىچىدە بولغان ئارىلىقتا ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ بىر قۇتاش گۈللىنىش ھالىتىگە كىرگەنلىكىنى، مۇزىكىنىڭ بەزى دىنىي ئاسارەتلەردىن قۇتۇلۇپ، يۇنانلىقلارنىڭ ئىلىم ـ پەنى بىلەن ئىران ۋە جۇڭگونىڭ «غەربىي دىيار» مۇزىكا سەنئىتى تەسىرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە «غەربىي دىيار» مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەسىرى مەسىلىسىنى كېيىنكى بابقا قالدۇرۇپ، گېزى كەلگەننى ئۈچۈن، ئىسلام دىنى بىلەن مۇزىكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 3

بەزى ئادەملەر ئېيتقاندەك، ئىسلام دىنى مۇزىكىغا قارشىمۇ؟ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئىسلامدىن كېيىن مەلۇم زامان تەرەققىي قىلالمىغانلىقىغا ئىسلام دىنى سەۋەب بولغانمۇ؟

بۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تارىخىي پاكىتلاردىن ئىستەش لازىم بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلام دىنىدا خرىستىيان ياكى بۇددا دىنلىرىدىكىدەك، دىنىي مۇراسىملاردا ئورۇندىلىدىغان خاس دىنىي مۇزىكا (مەسىلەن: ناخشا ياكى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇندىلىدىغان نومۇرلار) بولمايدۇ، ئەكسىچە، ئىبادەت، ئۆلۈم ئۇزىتىش، ماتەم ۋە باشقا دىنىي مۇراسىملاردا ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش مەنئى قىلىنغان. ئەمما، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان» ۋە تەپسىر كىتابلىرىدا «جەننەتتە خۇش ئاۋاز بۇلبۇللار ئاجايىپ ياخشى غەزەل ۋە نەغمە ـ ناۋا بىلەن مەشغۇل. ھۆرى غىلمانلار غەزەلخانلىق قىلىدۇ» دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئەنبىيەن چېچىشۇگېنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، شەخسەن ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇزىكىنى ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى دەپ بىلەتتى ۋە شۇ دەۋرنىڭ قەسىدىخان شائىرى ھەسسەننىڭ غەزەلخان قىزى سەفىيەگە نىكاھلىنىپ، ئۇنى رەسمىي ئاياللىرىنىڭ بىرى دەپ جاكارلىغان. ھەممىدىن مۇھىمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئاشكارا جاكارلاشنى «ئەزان» بىلەن باشلىغان. «ئەزان» ئۆزىگە خاس ئاھاڭ ۋە رىتىم بىلەن مۇكەممەل بىر مۇزىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ئاللىقاچان نوتىغا ئېلىنغان. ھەتتا بەزى ئەللەردە «ئەزان» مېلودىيەسى دراما ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، خەلىپىلىك راشىدىن (دەسلەپكى تۆت خەلىپە)دىن ئابۇبەكرى دەۋرىدە ئىبادەتكە دەخلى يەتمىسۇن دېگەن مەقسەتتە ئويۇن ـ تاماشا «مەكرۇھ»، يەنى تەشەببۇس قىلىنمايدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئابۇبەكرىنىڭ دەۋرىدىن كېيىن، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى زامانلىرىدا مۇزىكا پائالىيەتلىرى ئۈزۈلمەي چەكلەنمىگەن. ئۆمەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئۇنىڭ ئوغلى ھاشىمۇ مۇزىكا خۇمار ئىدى. ئوسمانىنىڭ زامانىسىدا، ئىران، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەچكە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا گۈللىنىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كېلىپ، مۇزىكا سەنئىتى قايتا جانلىنىشقا باشلىدى. خەلىپە ئەلىنىڭ ئۆزى شائىر بولغاچقا، پەن، ئەدەبىيات، سەنئەتنى توغرا ئىش دەپ تونۇپ، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن.

بۇ پاكىتلار ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا مۇزىكا سەنئىتىگە نىسبەتەن ئىنكار قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىجابىي پوزىتسىيەدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇلاپايى راشىدىن دەۋرىدىن كېيىن، ئۇمەييە خەلىپىلىكى (جۈملىدىن غەربىي خەلىپىلىك) دەۋرىدە ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ماقالىمىزنىڭ 2- قىسمىدا بىر قۇر بايان قىلغان ئىدۇق. ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە بولسا، مۇزىكا سەنئىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇ تەرەققىياتنىڭ ئۇرغۇن سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئىلىم ۋە سەنئەت ھامىيسى بولغانلىقى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن «ئىسلام مۇزىكىسى» ناملىق كىتابتىن نەقىل قىلىپ، تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كۆرسىتىمىز كۇپايە: ئابباسىيلارنىڭ 3-خەلىپىسى مەھدىنىڭ ئۆزى مۇزىكا خۇمار بولۇپلا قالماي، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاتايىتەن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئىبراھىم مەۋسىلىي، ھاككام ۋادىي باشلىق ئۇرغۇنلىغان مۇزىكىشۇناسلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارغا ھامىيلىق قىلغان. ئىبراھىم مەۋسىلىي بىرلا قېتىمدا يۈز ئەللىك مىڭ دىنارلىق تارتۇققا ئېرىشكەن دېگەن مەلۇمات بار. 5- خەلىپە ھارۇن رەشىد دەۋرىدە باغدات شەھىرى پەن ۋە سەنئەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. ستىلىستىكا، شېئىرىيەت، تارىخ، قانۇنشۇناسلىق، تىبابەت قاتارلىق پەنلەر بىلەن بىللە مۇزىكىمۇ ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن. 6- خەلىپە ئەمىنىنىڭ بىر قېتىملىق ئوردا زىياپىتىدە يۈز نەپەر غەزەلخان قىزغا ئويۇن قويدۇرغانلىقى كېيىنكى زامانلارغىچە ھېكايە قىلىنىپ كەلگەن.

بۇ پاكىتلار ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ دىن بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئورۇنغا قويمىغانلىقىنى، ئوردا-سارايلاردىكى ئەيش-ئىشرەت تەقەززاسىدىن بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى دىننىڭ ھامىيسى دەپ ئاتىغان خەلىپىلەرنىڭ ئەينى چاغدا مۇزىكىنىڭمۇ ھامىيسى بولغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ، ئەمگەكچى خەلق ئىجادى بولغان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ شۇلارنىڭ ۋاسىتىچىلىقى بىلەن تېخىمۇ راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلام تارىخىدا بىر قىسىم دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە قارشى چىققانلىقىمۇ بىر پاكىت. خۇددى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان زامانىدا، ئۇستاز قىدىرخان ياركەندىي بىلەن مەلىكە ئامانىسانىڭ «12 مۇقام»نى رەتلەش پائالىيىتىگە بىر ئوچۇم سوپى-ئىشانلار قارشى چىققىنىغا ئوخشاش، ئەرەب ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدىمۇ شۇنداق قارشىلىقلار بولغان. ئابۇبەكرى زامانىدا ئويۇن-تاماشا ۋە مۇزىكىغا «مەكرۇھ» دېگەن قالپاق كەيدۈرۈلگەنلىكى بۇ مۇتەئەسسىپلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ۋە مۇزىكا ئەھلىگە قارشى چىقىشتىكى زاھىرى باھانىسى بولسىمۇ، ماھىيەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ماددىي مەنپەئەتلىرى تەقەززاسىدىن كېلىپ چىققان ئېغۋاگەرچىلىك ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم. بۇ خۇددى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ھوزۇرىدا قىدىرخان ياركەندىنىڭ ئابرويى ئۆسۈپ، سىياسىي مەۋقەيى مۇستەھكەملەنگەنسېرى، سوپى-ئىشانلار ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ماددىي مەنپەئەتلىرى تەھلىكىگە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىپ، دەھشەتلىك ھەسەت ئوتىدا كۆيگىنىچە «12 مۇقام»نىڭ رەتلىنىشىگە قارشى چىقىش يولى بىلەن ئېغۋاگەرچىلىك قىلغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

ئەمەلىيەتتە بولسا، ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن چاغدىن باشلاپلا، بىر مۇنچە دىنىي پائالىيەتلەر مۇزىكا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئەزەن ۋە تەكبىر ئېيتىش، قىرائەت قىلىش، مەۋلۇت ئوقۇش ۋە باشقىلار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادى 622- يىلى 9- ئايدا مۇھەممەد پەيغەمبەر مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ، مەدىنىگە بارغاندا، ئابۇ ئايۇپ ئەنسارى دېگەن ساھابە يۈزدىن ئوشۇق ئۆسمۈر-بالىلارغا مەۋلۇت بېيىتلىرىنى گۈزەل بىر ئاھاڭدا ئوقۇتۇپ، ئىستىقبالىغا چىققان. پەيغەمبەر بۇنىڭدىن خۇشال بولغان،

سوپى-ئىشانلارنىڭ زىكرى-تەلقىن ياكى ھەلقە ساماسىنىڭ ئۆزى بىر خىل مۇزىكىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، ھەلقە ساما بولغاندا، ئالدى بىلەن ئىشان ياكى خەلىپە باشلامچىلىقىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ خەتمە قىلىنىدۇ؛ ئاندىن ھاپىزلار ئەركىن ئۇدارلىق مۇقام شەكلىدە ھۆكمەت ئوقۇيدۇ؛ بۇ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇقىم ئۇدارلىق ھۆكمەت باشلىنىدۇ. ئاندىن ھەممەيلەن رىتىملىق جەھرە قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا جەھرىنىڭ سۈرئىتى ۋە ئۇدار تاكتلىرى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھالقىسىمان بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، ساماغا چۈشىدۇ. ھەلقە سامادا ئوقۇلىدىغان ھۆكمەتلەرنىڭ ئاھاڭلىرى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ، ھەتتا «12 مۇقام»نىڭ ئاھاڭلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مۇزىكا لۇغىتى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئاھاڭلار $\frac{2}{4}$ ئىلىك ياكى $\frac{3}{4}$ ۋە $\frac{7}{8}$ ئىلىك ئۇدار سىستېمىسىغا چۈشىدۇ. مۇنداق ئاھاڭلار مۇڭلۇق ۋە رىتىملىق بولۇپ، كىشىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. ساما شەكلىنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرى تىپىغا كىرىدۇ.

باخشى (پىرىخون)لىقنىمۇ مۇزىكىلىق قىممىتى جەھەتتىن بىر خىل مۇزىكا سەنئىتى دېيىشكە بولىدۇ. باخشىلىق ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلىرىدىن بىرى بولغان شامان دىنىدىن قالغان خۇراپىي ئادەت. ئىسلامدىن كېيىن، باخشىلار ئۇنىڭغا يەنە بىر غەلىتە ئەرەبچە ياكى پارسچە ئىبارىلەرنى قوشۇپ، چۈشىنىكسىز دۇئالارنى ئوقۇش بىلەن ئۇنى تېخىمۇ خۇراپىي دىنىي تۈسكە كىرگۈزۈپ ئالغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، باخشىلىق بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، بەلكى ئىسلام دىنىدا بۇ خىل ئىشلار بىدئەت دەپ مەنئى قىلىنغان. ئەمما، باخشىلار تۇغ باغلاپ، خەنجەر ئويىنىتىپ، كېسەل «داۋالاش»قا كىرىشكەندە، يوغان داپلار بىلەن ناخشا-غەزەللەرنى ئوقۇيدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەنەم، سەلىقە قاتارلىق ئاھاڭلارنى تولۇق ئىجرا قىلىدۇ. دېمەك، باخشىلىقمۇ سۇنئىي ھالدا دىنىي تۈسكە كىرگۈزۈپ ئېلىنغان بىر خىل مۇزىكا پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئالدىنقى بابلاردا ئىسلام ئېتىقادىدىكى مۇزىكىشۇناسلاردىن ناملىرى زىكىر قىلىنغان زاتلار ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك مۇزىكا پىرلىرى بولۇش بىلەن بىللە ئەينى چاغدا تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئىدى ھەم. ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن نىزامىي گەنجەۋىي، شەيخ سەئدى، ئابدۇراھمان جامىي، ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائىي كەبىي كېيىنكى ئەدىبلەرمۇ ئۆز ئېتىقادلىرى بويىچە تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىللە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىققان ئۇلۇغ نامايەندىلەر ئىدى. ھالبۇكى، ئالدىنقىلارنىڭ تەقۋادارلىقى ئۇلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىگە توسقۇن بولمىغىنىدەك، كېيىنكىلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مۆجىزىلىك ئەمگەكلىرى ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىقىغا زەخىل يەتكۈزگەن ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ زاتلارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن، ئابدۇراھمان جامىي) ھەتتا تەسەۋۋۇپچىلىققا مايىل بولۇشىغا قارىماي، مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللانغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆزى سازەندە ھەم بەستىكار (كومپوزىتور) بولغانىنىڭ ئۈستىگە، «شائىر ئۈچۈن نەغمە ئۇنىڭ ئىجادىنىڭ بىر قىسمى» دەپ، شائىرلارنى مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلاتتى.

يېقىنقى ئۇيغۇر تارىخىنى ۋاراقلىساق، بىر مۇنچە ئوچۇق پىكىرلىك دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ساز بىلەن شۇغۇللانغانلىقى (بەزىلىرىنىڭ دۇتار، تەمبۇر، بەزىلىرىنىڭ غىجەك

چالىدىغانلىقى)غا، ھەتتا ھېيت-ئايەم كۈنلىرى ناغرا- سۇنەي بىلەن ئوينىلىدىغان ئاممىۋى سامائۇسسۇلىنى ئالدى بىلەن ئۆلىمالار دۇئا-تەكبىر ئوقۇپ، ئۆزى باشلاپ بېرىدىغانلىقىغا دائىر مىسالالارنى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز.

بۇ پاكىتلارمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇزىكىغا قارشى ئەمەسلىكىنى، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئۆتمۈشتە مەلۇم زامان تۇرغۇنلۇقتا قېلىپ تەرەققىي قىلالمىسلىقىغا ئىسلام ئەقىدىلىرى ئەمەس، بەلكى بىر مۇنچە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار قاتارىدا، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ 1400 نەچچە يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ھېلىقى «مەكرۇھ» دېگەن پەتىۋانى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن سۈيئىستېمال قىلغانلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 4

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن «12 مۇقام»غا تەسىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ ئىككى خىل مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، بولۇپمۇ بۇ ئىككى خىل مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۇقام سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالدىنقى بابلاردا ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ تارىخىغا دائىر بايان قىلىنغان پاكىتلاردىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئەرەب مۇزىكىسى مىلادى VII ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردە قوشاقلارنى ئاددىي سازلار بىلەن ئورۇنداش، يەنى يەككە ئاۋاز سىستېمىسىدىكى ئىپتىدائىي ھالەتتە ئىدى. ئۇلاردا تېخى ھېچقانداق مۇزىكا نەزەرىيىسى بارلىققا كەلگەن ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ مەزگىللەردە ھازىرقى شىنجاڭ ئاللىقاچان «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»غا مۇناسىپ ھالغا يېتىپ، ئۆز شۆھرىتىنى ئەتراپقا يېيىشقا باشلىغان ئىدى. بۇنىڭ ئېنىق نامايەندىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە كۈسەن مۇزىكا سەنئىتى بولۇپ، كۈسەن مۇزىكا سەنئىتى مىلادى IV ئەسىردىن VII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن «12 مۇقام» تەتقىقاتچىسى جۇجېنباۋ ئەپەندىنىڭ «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» دېگەن ماقالىسى («شىنجاڭ سەنئىتى»، 1982-يىل 1-سان) دىن تۆۋەندىكى پاكىتلارنى نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە:

كۈسەن مۇزىكىسى دەپ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى كۇچا دىيارىدا تارالغان مۇزىكىلارغا قارىتىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىب شۈەنجۇاڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدە كۈسەن مۇزىكىسى ھەققىدە توختىلىپ: «يەللىك ۋە تارلىق سازلارنى ئورۇنداش ماھىرلىقى بىلەن ھەرقايسى بەگلىكلەر ئارا داڭقى چىققان» دەپ يازىدۇ. «شىمالىي ۋېي نامە» ۋە «سۇينامە»دە كۈسەن مۇزىكىسى مىلادى IV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (ھازىرقى ئىچكى ئۆلكىلەر)كە تارقىلىپ كىرگەنلىكى يېزىلغان. كۈسەن مۇزىكىسى باشلىنىش نەغمىسى، بايان نەغمىسى ۋە ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. روشەنكى، بۇ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن چوڭ نەغمە شەكلىنى ئالغان بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن «چوغ»، «ھاردۇق»، «شوخ» بولۇپ تۈزۈلگەن. «چوغ»-

ئاخشىغا قارىتىلغان بولۇپ، مۇقامنىڭ «چوڭ نەغمىسى»نى، «ھاردۇق»- بايان نەغمىسى بولۇپ، مۇقامنىڭ «داستانى»نى، «شوخ»-ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسى بولۇپ، مۇقامنىڭ «مەشرەپى»نى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، كۇسەن مۇزىكىسى مۇكەممەل كۈي شەكلى نەزەرىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۈچ بۆلەكلىك يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمە شەكلىنى ئالغان ئىدى. چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ 16 خىلغا يەتكەن. كۇسەن مۇزىكىسىدىكى «بەش تار» ھازىرقى ئۇيغۇر راۋابىغا تارىخىي مەنبە بولغان. كۇسەن مۇزىكىسىدا قوللىنىلغان نەي ھېلىمۇ قوللىنىلماقتا. كۇسەن تام رەسىملىرى يادىكارلىقىدا ساقلىنىپ قالغان داپنىڭ شەكلى ھازىرقى داپقا ئوخشايدۇ. كۇسەن مۇزىكىسىدىكى بېلى - ھازىر ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان بالماننىڭ ئۆزى... ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىكى مۇقام بىلەن كۇسەن مۇزىكىسى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان ... مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كۇسەن مۇزىكىسىنى مۇقام دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇقامنى كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ دەل ئۆزى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىكى ئورتاقلىقتىن قارىغاندا، كۇسەن مۇزىكىسى مۇقامنى تارىخىي مەنبە بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ مۇقامنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن بۆشۈكى، شۇنداقلا مۇقامنىڭ پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلغان تۇنجى مەركەزلىك ماكانىدۇر.

مىسىرلىق ئەھمەد شەفىق ئەبۇ ئەۋۋاھىنىڭ «ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەرەبلەردە مۇزىكىنى نوتىغا ئېلىش XIII ۋە XIV ئەسىرلەردە باشلانغان» دېيىلگەن. كۇسەن مۇزىكىسىغا كەلسەك، تاڭ دەۋرىدىلا (يەنى VII ئەسىردىلا) ئۇنىڭ نوتا كىتابلىرى بولغان ئىدى... كۇسەن مۇزىكىسىدىكى بايان نەغمىسى بىلەن ئۇسسۇللۇق نەغمە - كۈيلەر ئىنسترومېنتاللىق (يەنى چالغۇ ئەسۋابلىرى ياردىمى بىلەن ئورۇندىلىدىغان) مۇزىكا ئىدى. ئەرەب مۇزىكىسى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئاندىن پارس، موڭغۇل ۋە تۈركلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنسترومېنتاللىق مۇزىكىلارغا ئېتىبار بېرىلىدىغان بولدى. بۇنى كۇسەن مۇزىكىسىغا سېلىشتۇرساق، بىرنەچچە ئەسىر كېيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

بۇ پاكىتلار ئەرەب مۇزىكىسى تېخى ئىپتىدائىي قۇرۇلما باسقۇچىدا تۇرغان ئەسىرلەردە ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيىگە يېتىپ، گەرچە ئۇ چاغلاردا تېخى «مۇقام» دېگەن سۆز قوللىنىلمىغان بولسىمۇ، قۇرۇلما جەھەتتە مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ پاكىتلار يەنە ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە، زادى قايسىسىنىڭ قايسىسىغا بالدۇر ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېنىقلاشقىمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ پاكىتلارغا قاراپ، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئەرەب مۇزىكىسىغا بالدۇر تەسىر كۆرسەتكەن ئىكەن دېگەن مەنتىقى خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. ئەمدى بۇ مەنتىقى خۇلاسىنى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنىلا تارىخىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەرەب مۇزىكىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان باربۇد (يەنى پىپا)نىڭ ئەسلى ۋەتىنى ھازىرقى شىنجاڭ ئىكەنلىكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىر ئاخىرلىرىدا بۇ يەردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە باشلاپ، مىلادى IV ئەسىردە كۇسەن باربۇدىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقالغانلىقى، بۇ سازنىڭ VIII ئەسىر ئىچىدە پارسلار ئارقىلىق ئەرەبلەرگە

كىرگەنلىكى، پارسلارغا بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن بارغانلىقى ھەققىدە ماقالىمىزنىڭ 2- قىسمىدا ئېيتىلىپ ئۆتكەن ئىدى. گېرمانىيە ئالىمى كۇرت ساكسىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، «باربۇد» دېگەن سۆزنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى baharbu سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئەسكەرتىلگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ھىندىستاننىڭ يېزىق تىلى بولغان سانسكرىت تىلىنىڭ بۇددا دىنى ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەنلىكى ۋە قەدىمكىي ئۇيغۇر تىلىدا سانسكرىت تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ خېلى كەڭ قوللىنىلغانلىقى (مەسىلەن: سارت، چېرىك، بىراخمان دېگەنگە ئوخشاشلار)نى ھېسابقا ئالغاندا، بۇ پاكىتمۇ «باربۇد»نىڭ ئەرەبلەرگە بىزدىن كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قوبۇز (ياكى قومۇز) ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىي سازلىرىدىن بىرى. قەدىمكىي ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىن «شاھزادە قالىيامقارا بىلەن پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت»تە: «شاھزادە قوبۇز چېلىشقا ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى» دېگەن جۈملە بار. قەدىمكىي رىۋايەتتە «قوبۇز» دېگەن سازنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ساز ئەرەبلەرگە IX ئەسىردە بىز تەرەپتىن بېرىپ تارقىلىشقا باشلىدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، جۇجېنباۋ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، تاڭ دەۋرىدە جۇڭگوغا كەلگەن ئەرەبلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)گە كېلىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ئولتۇراقلاشقانلىرى بىر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم «يىپەك يولى»نى كېزىپ كۆسەندىن ئۆتمەي قالمايدۇ (كۆسەندىن باشقا، سۇلى يەنى قەشقەر، ئىدىقۇت يەنى تۇرپاندىن ئۆتۈشىمۇ چوقۇم). شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆسەن (جۈملىدىن سۇلى، ئىدىقۇت) مۇزىكىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى، چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن چېلىش ئۇسۇللىرىنى ئەرەب دۇنياسىغا كۆچۈرۈپ كېتىشى مۇقەررەر.

قەشقەر ۋە بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە بۇ سۇلالە تېررىتورىيىسىنىڭ غەربتە بۇخارا ۋە سەمەرقەندگىچە كېڭىيىپ بېرىشى ئەرەب مەدەنىيىتى، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بىۋاسىتە ۋە كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. چۈنكى بۇ چاغلاردا ئەرەبلەر بۇ يەرلەرگە ئالماقچان كېلىپ بولغان ۋە بۇ يەرلەردىكى مەدەنىيەت بايلىقىدىن كەڭ كۆشادە بەھرىمەن بولالماقتا ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، جۇجېنباۋ ئەپەندى كۆرسەتكەن مۇنۇ پاكىتنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش لازىم، يەنى قاراخانىيلار دەۋرىدە، ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسى ئەبۇ نەسىر فارابىي ئەرەب تىلىدا يازغان «كىتاب ئەلمۇسىقى كەبىر» دېگەن ئەسىرىدە مۇزىكا نەزەرىيىسى، چالغۇ ئەسۋابلار، ماسلاشقان ۋە ماسلاشمىغان ئېنتېرۋال (ئارىلىق)لار، رىتىم، ئىجادىيەت قانۇنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مول نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، دوكتور دارمۇر ئۆزىنىڭ «ئەرەب مۇزىكىسىدىكى ئاۋاز تىزىسلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «بىزنىڭ ئەرەب مۇزىكا گامماسى (ئاۋازلار تەركىبىدىكى يېقىن تاۋۇشلار مەجمۇئى) توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ئەڭ ئاۋۋال ئەبۇ نەسىر فارابىيدىن باشلاندى» دەپ يازغان ئىدى.

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا تەسىر قىلىشى مىلادى X ئەسىر ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىدىن يەنى ئىسلام دىنى بىلەن تەڭ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭمۇ بىللە كىرىپ كېلىشىدىن باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ،

ئالدى بىلەن تىل ھادىسىسىدە ئىپادىلىنىشقا باشلىدى. يەنى ئەرەب تىلى بارا - بارا ئىلىم - پەن تىلىغا، پارس تىلى ئەدەبىيات - سەنئەت تىلىغا ئايلىنىشقا باشلاپ، ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلەر پەيدىنپەي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ھەتتا قاراخانىيلارنىڭ خانلىرىدىن باشلاپ (مەسىلەن، سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىگە ئابدۇلكېرىم دەپ ئەرەبچە ئات قويغانىدەك) ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىگە ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب ياكى پارس تىلىدا يېزىشقا كىرىشتى. شۇنداق شارائىتتا، بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن كۈي - ئاھاڭلارغا ئەرەبچە ياكى پارسچە نام بېرىلىشى، ئەرەبچىدىن «مۇقام» سۆزىنىڭ كىرگەنلىكى نەتىجىسىدە، كېيىنچە «12 مۇقام» ناملىرىنىڭمۇ ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالغانلىقى ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

ئەمما، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ نامى ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالماقلىق بىلەن ئۇنىڭ مىللىي ماھىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، يەنى ھەر بىر مىللەتنىڭ مۇزىكا سەنئىتى شۇ مىللەتنىڭ پىسخىك خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى، ئۆزى ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ سەۋىيىسى بولغاچقا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ نامى ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇيغۇرلارغا خاس مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئەينەن ساقلاپ قالدى. بۇ خۇددى بىر ئۇيغۇر ئۆزىگە ئەرەبچە ئىسىم قويۇپ، ئەرەبلەرگە ئوخشاش كىيىنىپ ئالغان تەقدىردىمۇ، چىراي شەكلى، مىجەز - خۇلقى، ياشاش تەرزى ۋە ئىستېتىك زوقى جەھەتتىن ھامان ئۇيغۇرلۇقچە قالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ كەتكىنى يوق. مەسىلەن، ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدىن باشلاپ بىر قانچە قېتىم رەتلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە ھازىر ئورتاق ئۇيغۇر مۇقامى دەپ ئاتىلىۋاتقان «12 مۇقام»نىڭ ناملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دولان «12 مۇقامى»نىڭ ئالتىسى (ئۆزھال، دۈگامەت، بايات، چارىگاھ، مۇشاۋىرەك، راك) دىن باشقىلىرى ئۇيغۇرچە ئاتىلىدۇ. قۇمۇل «12 مۇقامى» تىڭ پەقەت بىرسىلا پارسچە «چارىگاھ» دەپ ئاتىلىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە ئاتىلىدۇ.

ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ يەنە بىر تەسىرى كۈي - ئاھاڭ شەكلىنىڭ «12 لىك» تەرتىپكە سېلىنغان ئەنئەنىسىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغىمۇ يېتىپ كىرگەنلىكى دېيىش مۇمكىن. بىراق كۈي - ئاھاڭلارنى شەكىل جەھەتتىن 12 گە بۆلۈش ئەرەبلەرنىڭ ئىجادى ئەمەس، بەلكى ئىبىن سىنانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇجېنباۋ ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىبىن سىنانىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قاراشلىق بۇخارا بولغانلىقتىن، ئۇ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پۇقراسى ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، مۇقاملار كۈي - ئاھاڭ شەكىللىرى ئېتىبارى بىلەن پەقەت 12 بولۇش شەرت ئەمەس. مەلۇمكى ئامانىساخان بىلەن قىدىرخان ياركەندىي رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان مۇقاملار 17 گە يەتكەن. دېمەك، مۇقامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «12 لىك» سان مۇتلەق ئۆزگەرمەس مۇقەددەس سان ئەمەس. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، پارسلارمۇ ئۆز مۇقاملىرىنى رەتلەپ يەتتىگە مۇقىملاشتۇرغان. ماراكەشتە مۇقاملار «نوبا» دېگەن نام بىلەن 11 گە، لىۋىيىدە توققۇزغا يەتكۈزۈلگەن. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز XVI

ئەسىردە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى 17 گە يەتكۈزگەن ئىكەن، بىز نېمىشقا «12 لىك» سانىغا مەھكەم ئېسىلىپ ئالىمىز؟

چالغۇ ئەسۋابلىرى جەھەتتە، ئەرەب - ئىسلام مۇزىكا مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان راۋاب، تەمبۇر، ساتار قاتارلىق بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغان، بۇنى ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەسىرى دېيىش مۇمكىن. ئەمما، بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئەللىي سازلىرى ئەمەس، بەلكى پارسلارنىڭ ئىدى. مۇھىمى ئۇيغۇرلار بۇ سازلارنى ئۆزگەرتىپ، قايتا ئىختىرا قىلدى. مەسىلەن، پارسلار بىلەن ئەرەبلەر دەسلەپ ئىشلەتكەن راۋاب كامانچا بىلەن چېلىناتتى. قېدىرخان ئۇنىڭ ئورنىغا بەش تارلىق راۋابنى ئىختىرا قىلدى. پارس ۋە ئەرەبلەر ئىشلەتكەن دەسلەپكى تەمبۇرنىڭ يۈزىگە تېرە تارتىلغان بولۇپ، ئۈچ تارلىق ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇنى ياغاچقا ئۆزگەرتىپ، بەش تارلىق قىلىش بىلەن ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈردى. يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار يەنە پارسلارنىڭ «سەيتار»ى بىلەن ھىندىلارنىڭ «ساتار»ىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ھازىرقى ئۇيغۇر ساتارىنى ئىختىرا قىلغان. بۇ ئېيتقانلىرىمىز ئايرىم مىساللاردىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، كۈي - ئاھاڭلارنى شەكىللىرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ، ھەر بىرىگە مۇئەييەن نام قويۇشتا، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش ياكى يېڭىدىن ئىختىرا قىلىشتا ئەرەب - پارس مۇزىكا مەدەنىيىتى بايلىقلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، كۇسەن (كۇچا)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئۆمۈرغول (قۇمۇل) مۇزىكا سەنئىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇ مىلادى IV ئەسىردىن باشلاپ «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك» (خەنزۇ) مۇزىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ۋە «يىپەك يولى» بويلاپ غەربكە تارقىلىپ، VI–VII ئەسىرلەردىن باشلاپلا پارس - ئەرەب مۇزىكىسىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. بۇچاغلاردا، ئەرەب مۇزىكىسى تېخى ئىپتىدائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىدى. ئىسلام دىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ بۇ رايونغا كىرىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، مەيلى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن بولسۇن ۋە مەيلى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى كونكرېت ئەھۋاللار نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇيغۇر «12 مۇقامى»نىڭ تاكامۇللىشىشىغا ئەرەب - پارس (كېڭەيتىپ ئېيتقاندا، ئەرەب - ئىسلام) مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىمۇ بىر تارىخىي پاكىت. شۇڭا، «12 مۇقام» ئەرەب - پارس مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېگەن قاراش ئىنتايىن خاتا بولغىنىدەك، ئەرەب - پارس مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

1991-يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى






ئىبراھىم ھەققۇلوۋ

## تەبىئەت ـــ گۈزەللىك ۋە ھۇزۇرلۇق قۇچىقى

«تەبىئەت بىلەن ئورتاق تىل تاپالىك ھېچقانداق ۋاقىتتا كەمبەغەللەشمەيسەن. سېنى ئادەملەرنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرى ئەمەس، بەلكى تەبىئەت دۆلەتمەن قىلىدۇ» دەيدۇ يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بىرى. بۇ گەپنى بىر تەرەپلىمە چۈشەنمەسلىك كېرەك. ئاخىر دىلى تەبىئەتكە باغلانغانلار باغرى تاش كىشىلەر ئەمەسمۇ؟ ھېسسىياتسىز قەلبلەرگە گۈزەللىك قانداق سىڭىشى مۇمكىن؟ باھارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ۋە ياڭراق



ئاھاڭلىرى بىلەن كۈزنىڭ كىشىنى ھەيرەت قالدۇرىدىغان سادالىرىغا ھەۋەس قىلمايدىغان كۆڭۈللەردە خۇشاللىق ۋە دەرد - ھەسرەت دېگەنلەر نېمە قىلسۇن؟

تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قەدىمىي ھەمدە دائىملىق بىر جەريان. ئىنسان دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا تەبىئەت باغرىدا ياشايدۇ. ئادەم تەبىئەتتىن قانچە يىراقلاشسا، ئۇ روھىي قەرەپتىن شۇنچە قەھەتلىشىپ، يامانلىق ۋە ياۋۇزلۇق تۇيغۇلىرىغا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. تەبىئەت باغرى ئادەمگىمۇ، ھايۋانغىمۇ ئوچۇق. بىراق ئادەملەر توپى بەزىدە تەبىئەتكە ھايۋانلارمۇ قىلمايدىغان دەھشەتلىك ئىشلارنى راۋا كۆرىدۇ. بۇ رەزالەت. بۇ ۋەتەن، خەلق ۋە ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن رەھىمسىزلىكتۇر. بۇلار ھەققىدە ئويلانساڭ خىيالىڭ ئىختىيارسىز تارىخقا قايتىدۇ. ئۆتمۈش زاماندا ئادەملەر دەرەخلەرگە سېغىنىشقان. بىرەر دەرەخنىڭ قۇرۇشى ياكى نابۇت بولۇشىنى زور پاجىئە، دەپ ھېسابلاشقان. دەرەخنىڭ بىرەر شېخىنى سۇندۇرۇشنى ئۆز جېنىنىڭ ئازابلىنىشى، دەپ بىلىشكەن. دەرەخلەر شان - شەرىپى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئاجايىپ مۇراسىملارنى دېمەمسىز تېخى؟

ئەپسانىلارغا قارىغاندا، مۇسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئىشقى بىلەن ئۇنى ئۇزۇنغىچە ئىزدەپتۇ. ئاخىرى ئۇنى تەبىئەت باغرىدىن تېپىپتۇ. كۆيۈۋاتقان بىر دەرەخ: «مانا، مەن خۇدامەن!» دېگەنمىش ئۇنىڭغا. بۇ ئەپسانىنىڭ مەركىزىدە: «ئەي ئادەم، ئاۋارە بولما، سېنىڭ تەڭرىڭ - تەبىئەتتۇر» دېگەن پىكىر ياتىدۇ.

. . . . . . .

تەسەۋۋۇر ۋە خاتىرە قاششاقلىقى ئادەمنى تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بىز ئەسىرلىك ۋەقەلەرگە گۇۋاھ بولغۇچى چىنارلارنى دانا ۋە مېھرىبان بوۋىلىرىمىزنى سۆيگەندەك سۆيۈپ، ئۇلارنىڭ سىرلىق شىۋىرلاشلىرىنىڭ مەنىسىنى تېپىشقا، چوڭقۇر چۈشەنگەن بولاتتۇق. يېزىلاردىكى كاللا قىلىۋېتىلگەن ئۈجمە ياغاچلىرىنى كۆرسەك يۈرىكىمىز ئېچىشىدۇ. دەرەخلەر - بىزنىڭ دوستىمىز ۋە قېرىندىشىمىز. ئۇلار ئانىمىزدەك ساخاۋەتلىك. گۈزەل قىزلارنىڭ گۈلگە ئوخشىتىلىشى ھاۋايى - ھەۋەستىن ئەمەس. قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىنسانغا يېقىنلىقىنى تەستىقلىگۈچى ھېسابسىز رىۋايەت ۋە ئەپسانىلار بار. نىزامىي گەنجەۋىينىڭ «خۇسراۋ ۋە شېرىن» داستانىدا پەرھاد تەلەيسىز ئاشىق يىگىت تىمسالىدا كۆرسىتىلگەن. ئۇ، ئۆز جەمئىيىتىگە سىغمىغان، زورلۇق مۇھىتىدىن بېزگەن قەھرىمان. ئۇ ئادەملەرنى تەرك ئېتىپ، چۆل - جەزىرلەردە ھايۋانلار بىلەن دوستلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇۋچىلار جەبرىدىن قاچقان ياۋايى جاندارلار توپلىنىدۇ. ئۇلار پەرھادقا مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىدۇ. بۇ ھايۋانلارنىڭ بىرى پەرھادنىڭ ئورۇن - كۆرپىسى بىلەن چېدىرىنى كۆتۈرىدۇ. ئىككىنچىسى ئۇنىڭ قول ۋە ئېتەكلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلەيدۇ. ئۇنى كۈندۈزلىرى كېيىكلەر يالغۇز قويمايدۇ. تۈنلىرى بۇغىلار ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ، ئىشق دەردى بىلەن ھىجران غۇسسىلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ. پەرھاد ئادەملەردىن كۆرمىگەن خەيرخاھلىقنى ھايۋانلاردىن كۆرىدۇ. مۇھىت ۋە جەمئىيەتتىن تاپالمىغان ئەركىنلىكنى ئانا تەبىئەت قۇچىقىدىن تاپىدۇ.

. . . . . . .

قەدىمكى ھىندى ئېپوسى «ماخابخاراتا» ھېكايەتلىرىدىمۇ ئېغىر ئىجتىمائىي مۇھىت ھالىدىن كەتكۈزگەن، يامانلىق ۋە ناھەقلىقلەردىن يۈرەكلىرى مىجىلغان ئايرىم قەھرىمانلار ئۆزلىرىنى تەبىئەت باغرىغا ئۇرىدۇ. قىزىقى شۇنىڭدىكى، ئۇلار قۇشلار ۋە ھايۋانلار بىلەن دوستلىشىپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى كىيىملىرىنى تاشلاپ، ئوت - چۆپلەر

بىلەن دەل - دەرەخلەرنىڭ نوتىلىرىدىن توقۇلغان كۆڭلەكلەرنى كىيىپ يۈرىشىدۇ. ئۇلار بۇنداق كىيىملەر ئىنسان قەلبىنى بېزەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي يازىدۇ:

تونۇڭغە يۈزسۈرتەگەر ئالەن، چەمەندە ھەر شەجەر،
ئوخشەسە قەددىڭگە، سۈرتەي بارچە ياپراغىغا يۈز.

لىرىك قەھرىمان يارىنىڭ تونىغا يۈزىنى سۈرتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئۇنىڭدا يېتەرلىك ئىشەنچ يوق. شۇڭا ئۇ: «تەبىئەتتىكى قايسى دەل - دەرەخ سېنىڭ قەددىڭگە ئوخشىسا، ئۇنىڭ ياپراقلىرىغا يۈزۈمنى سۈرتىمەن»دەيدۇ. بۇ بېيىتتا، بىرىنچىدىن، دەرەخ ئادەملەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ بەستى بىلەن يارىنىڭ قامىتى ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. ئىككىنچىدىن، دەرەخ بەرگىلىرىگە يۈز سۈرتۈش يۇقىرىقى ئېپوس قەھرىمانلىرى كەيگەن توقۇما كۆڭلەكلەرنى ئەسكە چۈشۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە تەبىئەت ئەڭ ئالدى بىلەن بىرىدىنبىر ھۆرلۈك تايانچى، ئەرك سەلتەنىتى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ. راست، تەبىئەت بىلەن ئىنساننى ئايرىپ بولمايدۇ. بىز بالىلىقىمىزدا كۈن ۋە تۈنلىرىمىزنى ئانا تەبىئەت قوينىدا ئۆتكۈزەمىز. ئۇ چاغدىكى چۈشلىرىمىز كۆپىنچە قۇشلار بىلەن بىر تىلدا سۆزلىشىش، ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ- لىرىنى ئەگىشىپ يۈگۈرۈش، چوڭلارغا بىلدۈرمىگەن بالىلىق ئىستەكلىرىنى دەل - دەرەخ- لەرگە ئىزھار قىلىشتۇر.

تەلبەلىك كۆركىم، قۇچارمەن باغ ئارا ھەر سەرۋىنى،
كۈن ئۆتۈپ ئول سەرۋى قەددى سىيمبەر بولغايمۇ دەپ.

دەپ يازىدۇ ئەلىشىر نەۋائىي. بۇ ئاشىقانە پىكىر. لېكىن ئۇ باشقا جەھەتلەردىنمۇ قىممەتلىك. بالىلىقىدا ھەركىمنىڭ جىمىتتە بېرىپ قۇچاقلايدىغان دەرەخلىرى بولىدۇ. ئۇلارنى قۇچاقلاپ كىمدۇر شادلانغان، كىملەردۇر ئۆكسۈپ يىغلىغان. بۇ دەرەخلەرنى قايسىدۇر بىر بالىنىڭ شېرىن ئارمانلىرى لەرزىگە سالغان. نەۋائىينىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرى كىشىنى شۇلار تۇغرىسىدىمۇ ئويلاندۇرىدۇ، ئادەمنى تەبىئەت ئالدىدىن زوقلىنىش، ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولۇش، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ كۆرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ناخشىمىزنى ئاختۇرۇپ دالىلار، ئورمانلار ۋە دەريالار ئۇزرە ئۇچۇۋاتقان شامال، تۈن سۈكۈناتىدا ئۇنسىز شىۋىرلاۋاتقان يۇلتۇزلار، بۇلۇتلار كەينىدىن نازلىق مارلاۋاتقان ئاي، جۇشقۇنلۇق شەۋقىگە تولۇپ ئېقىۋاتقان پاكىز بۇلاق، ئاسماننىڭ كۆز يېشى بولغان يامغۇر، ھەر بىرى ئۆز پەيزى ۋە كۆركىگە ئىگە بولغان يىل پەسىللىرى - كۈز، قىش، باھار، ياز قاتارلىقلار قەدىم - قەدىمدىن تارتىپ شائىرلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەن. مەلۇمكى، تەبىئەت شېئىرىيەتتە مەنزىرە ياكى پوئېتىك تەسۋىر ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئەكسىنى تاپىدۇ. لېكىن ئۇ ھەر ئىككىلا ھالەتتىمۇ شەخس قەلبى، روھى، دەردى ۋە خۇشاللىقى بىلەن ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ. شەرق شېئىرىيىتى تارىخى خاس تەبىئەت قامۇسىدۇر.

* * *

تەبىئەت - بۇ، ئالدى بىلەن ھايات ۋە تىرىكلىك تەنتەنىسى، روھ ۋە گۈزەللىك مەنبەسى سۈپىتىدە تۈگىمەس ۋە چېكىرىسىزدۇر. ئۇنىڭ ئۆزى شائىر، كەشپىياتچى ۋە تەڭدىشى يوق مېمارىدۇر. تەبىئەت بىلەن باغلىق بولغان ھەممە سۆز، رەڭ، ئاھاڭ ۋە تەسۋىر ئۇنىڭغا تەبىئىي ماس بولۇشى كېرەك.

## تىلغا ئېتىبار — ئەلگە ئېتىبار

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا ئاقىل بىر ئادەمنىڭ گۈزەل قىزى بولغان ئىكەن. شۇ دىلبەرگە ئىككى پەرىشتىنىڭ ئىشقى چۈشۈپتۇ. قىز ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە كۆڭۈل بېرىشنى بىلمەي قاپتۇ. پەرىشتىلەر قىزنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن قىز ئۇلارغا شۇنداق دەپتۇ: «مەن يۇرت پەرزەنتى بولالايدىغان ئوغۇلغا ئانا بولۇشنى خالايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئۇنى قانداق تەربىيىلەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىشىم كېرەك. ئەنە شۇنىڭغا قاراپ، مەن سىزلەرگە قارارىمنى ئېيتىمەن.»

«بۇ ئىش پەقەت مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىمەن. ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىدىن دەرس ئالىدۇ. سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەجنەبىي تىللارنى ئىگىلەيدۇ. دۇنياغا ئۆز نامىنى تارىتىدۇ» دەپتۇ بىرىنچى پەرىشتە.

نۆۋەت ئىككىنچىسىگە كەلگەندە، ئۇ دەپتۇ: «ئىنسان ئۈچۈن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بايلىق ـ تىل. ئانا تىل بولىدىكەن، ۋەتەن، خەلق بولىدۇ. خەلقنىڭ ئۆمۈر ئۆلچىمىنى ئۇنىڭ تىلى بەلگىلەيدۇ. دۇنيادىكى ھەممە گۈزەللىك ۋە سېھرىي كۈچ تىلدا بولىدۇ. ئىنسان ئانا ئەللىيىنى بىرىنچى بولۇپ ئەنە شۇ تىل ۋاسىتىسىدا ئاڭلايدۇ. مەن ئوغلۇڭنى تىلغا خىيانەت قىلماسلىققا ئۆگىتىمەن. ئۇنىڭغا ناخشا، چۆچەك ۋە داستانلارنى ئېيتىپ بېرىپ، سېنىڭ لەتاپىتىڭگە لەتاپەت قوشۇپ تۇرغان ئانا تىلىمىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقا ئۆگىتىمەن.»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئالىم پەرىشتە قاقاقلاپ كۈلۈپ، رەقىبىنى ئەقلى كەملىكتە ئەيىبلەپتۇ. ئوتتۇرىدىكى تالاش ـ تارتىش ئاخىرى جاڭجالغا ئايلىنىپتۇ.

«جېدەللەشمەڭلەر، ـ دەپتۇ قىز، ـ يۇرتىمىزدا بىر ئۇلۇغ دانىشمەن بار، ئۇنىڭ يېنىغا بارىمىز. ھەممە نەرسە شۇ يەردە ھەل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى مەن ئۈچۈن قانۇن.»

ئۇلار ھېلىقى دانىشمەننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئاردا بولۇپ ئۆتكەن ھەممە گەپ ـ سۆزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى «كەم ئەقىل» پەرىشتىگە دەپتۇ: «قىز سېنى ياخشى كۆرەمدۇ، يوقمۇ، بۇنى بىلمەيمەن، لېكىن ئاتىلىق شەرىپىگە سەن لايىقسەن.»

بۇ تەربىيىۋى قىممىتىنى زادى يوقاتمايدىغان رىۋايەت. بىرىنچىدىن، ئۇ ئانا تىلنىڭ قىسمىتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن ھەمىشە قايغۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، تىلىنى سۆيمىگەن ئادەم، ھەر قانچە ئوقۇمۇشلۇق بولغان شۆھرەتلىك ئادەم بولسىمۇ، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۈيۈك يازغۇچى ۋە شائىرلار مانا شۇ ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىشىنىڭ ۋىجدانى مىزانى قىلغان. ئۇلار يازغان ئەسەرلىرى بىلەن ئانا تىلنىڭ پاكلىقىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىشقا ئەمەلىي ھەسسە قوشقان.

تىل ـ خەلقنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان ئامىلدۇر. ئەگەر خەلقتە ئىجادىي نەپەس سۇسايسا، تىلنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەتلىرىمۇ بوشىشىپ ئاستىلايدۇ.

خەلق روھى ۋە تەپەككۇرىنىڭ توختىشى ـ تىل تەرەققىياتىنىڭ زاۋالى. ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ـ ئۆلمەس غايىلەر تەسۋىرلەنگەن تىلدۇر. شۇڭا نەۋائىي ئۆمۈرلۈك زامانىۋى سەنئەتكار، تىلنىڭ كېلەچىكى ۋە ئىستىقبالىنىڭ پاسىبانى سىماسىدا مەڭگۈ ياشايدۇ.

دۇنيادا كەمسىتىلىدىغان تىل يوق. ھەر قانداق بىر تىل ئۆزىچە گۈزەل ۋە قىممەتلىك. لېكىن بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈشكە بولىدىغان مۇنداق بىر ئۇياتلىق نادانلىق بار، ئۇ بولسىمۇ ئىجادىيەت ئەھلىنىڭ ئۆز تىلىغا چوڭقۇر مۇھەببەت قويماسلىقى. مەلۇمكى، نەۋائىي دەۋرىدە پارسىي تىل نوپۇزلۇق تىل ھېسابلانغان. شۇڭا، تۈركىي ئەدەبىياتقا قارىغاندا پارسىي شېئىرىيەت كۆپرەك راۋاجلانغان. تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ مۇنداق ئاستا ئالغا سىلجىشىغا شۇ ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ كۆپرەك ئۆز تىللىرىدا ئەمەس، پارسىيدا ئىجاد قىلىشقا بېرىلگەنلىكى سەۋەب بولغان. ئەلىشىر نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ئەسىرىدە بۇ مەسىلىگە جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتىپ يازىدۇ: «بۇ خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ئىجاد ئەھلى سالاھىيەت ۋە ئىستېداتلىرىنى ئۆزگە تىل بىلەن ئىپادە قىلىدىغان بولسا . . . شۇنداقلا ئىككىلا تىلدا سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان بولسا، بولۇپمۇ ئۆز تىللىرى بىلەن كۆپرەك يازغان بولسا ... » دېمەك، نەۋائىيدا باشقا تىلغا قىلچىمۇ ھۆرمەتسىزلىك تۇيغۇسى بولمىغان. يازغۇچى ياكى شائىر ئۆزى خالىغان بىرەر مىللەت تىلىدا قەلەم تەۋرىتىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئانا تىلىغا ئۆگەيلەرچە مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك. ئاخىر مىللىي تىلنىڭ سېھىرلىك ئىچكى كۈچىنى، مۇزىكا ۋە ئاھاڭلىرى بىلەن ئۇنىڭ رەڭدارلىقىنى خەلققە يازغۇچى، شائىر يەتكۈزمىسە كىم كۆرسىتىدۇ؟ نەۋائىي تىل ۋە تەپەككۇر، سۆز ۋە ئىنسان كامالىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. شائىر بىر ئورۇندا: «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىل ۋە ئۇ خەزىنە كىلىتىنى سۆز بىل» دەپ نەسىھەت قىلسا، باشقا بىر جايدا سۆزنى كۆڭۈلنىڭ جاۋاھىرى، دەپ باھالايدۇ. سۆز شۇنداق بىر بۈيۈك، شۇنداق بىر ئىلاھىي كۈچكى، ئۇ «ئۆلگەن ئادەمنىڭ تېنىگە روھ» بېغىشلىشى ياكى تىرىك روھنى ھالاك قىلىشى مۇمكىن.

سۆزنىڭ ياخشىسى ۋە ئېتىبارلىقى ــ راست ۋە چىن سۆز، ئەڭ يامىنى يالغاندۇر. راست گەپ قىلىپ، توغرىلىقنىڭ تەرغىباتچىسى بولغانلار ــ دانا ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەردۇر. رىياكارلار ــ ئالدامچى، مەككار، ھەقىقەت ئالدىدا يۈزى قارا كىشىلەردۇر. يالغانچىلار گەپلىرىنى ئەل ئىچىدە بىرەر - ئىككى قېتىم ئاققۇزۇشى مۇمكىن، لېكىن سىرى پاش بولغاندىن كېيىن بەربىر رەسۋا بولىدۇ. ئەل ئۇنىڭغا ئىككىنچى ئىشەنمەيدۇ.

نەۋائىينىڭ پىكرىچە، تىل ئىنساننى، ھايۋاندىن ئاجراتقۇچىدۇر. شۇڭا ئۇ ھايۋاندەك پىشقىرىپ يىرگىنىشلىكى، يېقىنلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئالدىدىمۇ شېرىن سۆزلىكى بىلەن يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولۇشى لازىم. ئەل ھەر قاچان پىكىر، سۆزلىرى يېقىملىق، يۇمشاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ. بۇنداقلارنىڭ سۆزلىرى ئەقىل ۋە ھېكمەتكە تولغان بولۇپ، دۈشمىنىمۇ يارۇ - بۇرادەرلىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

«كىمنىڭ مىجەزىدە ئىللەت بولسا، ئۇنىڭ سۆزىدە باغلىنىش يوق، مىجەزى ساغلام بولسا، گەپ - سۆزىمۇ يېقىملىق ۋە خاتاسىز» دەيدۇ ئەلىشىر نەۋائىي. دېمەك، سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ، مەنە ۋە مەنتىق تەلەپلىرى بىلەن گەپ قىلىش ــ ئەقلەن ساغلاملىق ئالامىتىدۇر. لېكىن ئەقىل ــ ھوش يۈكسەكلىكىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بار، بۇ ــ كۆپ گەپ قىلماسلىق. نەۋائىينىڭ پىكرى بويىچە ئېيتساق، قىسقا سۆزلىگۈچى كىشىنى ئەقىلغە ئۈندىگۈچى، كۆپ ۋايسىغۇچى كىشىنى بىزار قىلغۇچىدۇر. پىكرى قابىلىيىتى سۇس بولغان مەمەدانە شەخسلەر تىلغا پەرۋاسىز قارايدىغان نائەھلىلەردۇر. نەۋائىي، كېيىنكى تىزگىنلەشنى بىلمەيدىغان مەمەدانىلارنى قارىلاپ يازىدۇ: «تىلغا ئېتىبارسىز ــ ئەلگە

ئېيتىنىپ بارسىمىزدۇر. كۆپ گەپ قىلمىدىغان مەمەدانە ـ تاڭ ئاتقىچە قاۋاپ چىقمىدىغان قوتۇر ئىتقا ئوخشايدۇ.»

قارىماققا بۇ پىكىرلەر ئادەتتىكىچىدەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا نەۋائىي ئۆز شېئىرلىرىدا باشقىچە يول، ئۆزگىچە ئۇسۇل تاللايدۇ. ئۇلاردا تىلغا ئېتىبارسىز قاراشتىن كېلىدىغان ئاقىۋەتلەر تۈرلۈكچە ئۇسۇللاردا ئىسپاتلىنىدۇ. مانا، مۇشۇنداق شېئىرلارنىڭ بىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

نەۋائىي تىلىڭ ئاسرىغىل زىنھار،
دېمەك كىم، يېمەي دەھر ئىشىدىن فۇسۇس.

بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى بېيىتى. بۇنىڭدا شائىر: «دۇنيا ئىشلىرىدىن ئەپسۇس چەكمەي دېمەك، تىلىڭغا ئېھتىيات بول، ئۇنى ئاسرا» دەۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسىي مۇددىئا ـ ئوقۇرمەن ئېڭىغا سىڭدۈرۈلمەكچى بولغان مەقسەت تىلنى ئاسراشقا بولغان دەۋەت. لېكىن بۇ دەۋەت كىملەرگىدۇر تېز بېرىپ يېتمىشى، بىراۋلارنىڭ ئېڭىغا بولسا ھەتتا تەسىرى ئۇ تىلماسلىقى مۇمكىن. بۇ ھال قانداقتۇر بەدىئىي دەلىللەرنى كەلتۈرۈش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغان. كېيىنكى مىسرالار ئەنە شۇ نىيەتتە يېزىلغان:

نەزەر قىلكى، ئوق ئاغزى تىلسىز ئۈچۈن، نېچە تاجۋەردۇر كېسەرلەر باشىن،
قىلۇر تاجۋەرلەر بىلەدە سىتبۇس. چۈ ھەڭگامەسىز نەغمە تار تار خۇرۇس.

بۇ تۈرلاردىكى پىكىر ۋە ماھىيەتنى ئېنىق بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىكى بىر قىسىم ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش زۆرۈر.

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، يا بىلەن ئوق خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغاندۇر. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ يانى شاھقا، ئوقنى ئەلچىگە نىسبەتلەشتۈرگەن. ئوقنىڭ ھەرىكىتى ياغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەردە يا ھۆكۈمرانلىقنى، ئوق بولسا ئۇنىڭغا بولغان تابىئەلىك ۋە بېقىندىلىقنى بىلدۈرگەن. ئەگەر بىر قەبىلە ئىككىنچى بىر قەبىلىگە ئوق ئەۋەتسە ئۇ ئىككى مەنىنى بىلدۈرگەن، بىرىنچىسى، ھۆرمەت، ئىككىنچىسى، قاراملىق ۋە تابىئەلىك.

قەدىمكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە تۈركىي خەلقلەردە ھەر بىر قەبىلىنىڭ مەخسۇس ئوقى بولغانلىقى يېزىلغان. نەۋائىي ئەنە شۇ چۈشەنچىلەرگە تايىنىپ، ئوقنىڭ تىلسىزلىقىدىن سۆز ئاچقان. ئەمما بۇ يەردە شائىر ئۈچۈن مۇھىمى ـ ئوق باھانىسىدە تىلنى ئاسراش ھەققىدىكى ئوقۇغۇچىنى ئىشەندۈرۈشتۇر. تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

نېچە تاجۋەردۇر كېسەرلەر باشىن،
چۈ ھەڭگامەسىز نەغمە تار تار خۇرۇس.

بۇ ئەمدى ئوققا نىسبەتەن سەلبىي دەلىل. خورازنىڭ مەزگىلسىز چىللىشى ھازىرقى كۈندىمۇ شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا؟ يىراق ئەسىرلەردە كايو مارىس دېگەن پادىشاھ ئۆتكەنمىش. ئۇ ئادىل بولۇپ كۆپ يەرلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغان ئىكەن. كايو مارىسنىڭ پۇشتى ئىسلىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنى دەۋامەند تېغىدا دېۋىلەر ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن بىر قۇش ئاگاھ بولۇپ، قاتتىق نالە قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھ شۇ قۇشنىڭ «يول باشلىشى» بىلەن ئوغلىنىڭ جەسىتىنى تېپىپتۇ. ئۇ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى يۇرتقا باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى دېۋىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتلىنىپتۇ. كايو مارىس كېتىۋېتىپ يولدا بىر ئاق خورازنى كۆرۈپتۇ. خوراز يول بېشىدا تۇرۇپ ئەنسىزچىللاۋاتقان ئىكەن. سەل نېرىراقتا بىر توخۇنى يىلان ئوراپ ئالغان بولۇپ، خوراز چىللىغاچ يىلانغا جان-جەھلى بىلەن تاشلىنىۋاتقان ئىكەن.

بۇ ھال كايۇمارسقا بەكمۇ يېقىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ: «دېمەك، خوراز ئۆز جۈپتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرىشىۋاتقان ئىكەن، بۇ جانىۋارنىڭ خۇيى- پەيلىمۇ ئىنسان پەرزەنتىگە ئوخشايدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ، يىلاننىڭ بېشىنى يەنچىپ، خوراز بىلەن مېكىيانىنى ئازاد قىپتۇ. ئۇلارنى ئۆز ئوغۇللىرىغا ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئاسراپ- ئاۋايلاشنى بۇيرۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئەلدە توخۇ ساقلاش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. چۈنكى توخۇ بار خانىدانلارغا دىۋە يولىماس ئىمەش. ئەسلىدە خورازنىڭ چىللىشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى. ئۇنداقتا نەۋائىي نېمىشقا مەزگىلسىز چىللىغان خورازنىڭ بېشىنىڭ كېسىلىشى ھەققىدە گەپ قىلىدۇ؟ بۇ ھادىسىمۇ كايۇمارس تەقدىرىگە باغلانغان. بىر كۈنى ھېلىقى ئاق خوراز كۈتۈلمىگەندە كەچتە يېقىمسىز چىللاپ قالىدۇ. ئادەملەر بۇنىڭ سىررىنى بىلەلمەي قايمۇقىشىدۇ. كېيىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەسلىدە كايۇمارس ئۆلگەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خوراز كەچقۇرۇن چىللىدىمۇ- دېمەك بۇ يامانلىقنىڭ بېشارىتى، بۇنداق خورازنى دەرھال ئۆلتۈرۈش كېرەك، دېگەن پىكىر قەتئىي ئەقىدە شەكلىگە كىرىپ، ئەسىرلەر مابەينىدە ياشاپ كەلگەن. نەۋائىي خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلگەن بۇ كونا چۈشەنچىگە ئاساسلىنىپ ئورۇنسىز گەپ، ئارتۇقچە بىلجىرلاشلار ئاقىۋىتىنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

كىشى قانچە كۆپ ئويلاپ، قانچە كۆپ ئوقۇسا، ئۆگەنسە ئۇشۇنچە ئاز، لېكىن مەنىلىك گەپ قىلىدۇ، ئەل ئارىسىدا شۇنچە ئىززەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەۋائىي: «سۆز كۆڭۈلدە پىشىپ، تاۋلانمىغىچە تىلغا كەلتۈرمە. دىلدا بار سۆز ۋە پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقۇلۇق ئەمەس. ئىچىڭدە ياتقان سۆزلىرىڭ سېنىڭ سىرلىرىڭ. سىر بولسا نەپەسكە ئوخشاشدۇر. چىققان نەپەسنى قايتۇرغىلى بولمىغاندەك، ئېيتىلغان سۆزنىمۇ ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى يازغان. بىز بۇ بوۋا كالان شائىرىمىزنىڭ بۇنداق نەسىھەتلىرىنى زادى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

## ساخاۋەت — تەن، ھىممەت — جان

شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» كىتابىدا بىر دانىشمەندىن: «ساخاۋەت ياخشىمۇ ياكى شىجائەتمۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ساخاۋەت بار يەردە شىجائەتنىڭ نېمە كېرىكى؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ- ھەر قانداق مەردلىك ۋە شىجائەتنىڭ مەنبەسى ساخاۋەت، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسان كۈچلۈك ۋە جەسۇر، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دەرھەقىقەت، ساخاۋەت- ئادەمدىن ھېچنېمىنى ئايىماسلىق، ئۇنىڭغا مىننەت ۋە غەرەزسىز ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر. ئۇنىڭدا مېھىر، ئىشەنچ ۋە كۆكسى- قارنى كەڭلىك ھېسسىياتلىرى مۇجەسسەم بولىدۇ. ساخاۋەتلىك ئادەم ھىممىتى ئۇلۇغ كىشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمگە ئاللىقانداق بىر تاشقى ياردەم بېرىش ئەمەس، ئادەم قەلبىنى قەدىرلەش، ئىنسانىيىتى ۋە روھىنى ئاسراش ۋە ئاۋايلاش بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشتۇر. ئۇ: «زۆرۈر ۋاقىتتا بېرىلگەن بىر ئەسكى چاپان- ساخاۋەت، ھەدىيە قىلىنغان زەر تون ئەرزىمەستۇر» دەپ بىلىدۇ.

نەۋائىي رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىدە ئىنساننىڭ مۇستەھكەملىكىنى ئۈچ نەرسىگە نىسبەت قىلىدۇ. بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنچىسى — ھايا، ئىككىنچىسى — ۋاپا، ئۈچىنچىسى — ساخاۋەتتۇر:

ئۈچ تەسىم ئىلە ئىمانغا بەنا فەھىم ئەيلە، ئىككىنچىسىنى داغى ۋەفا فەھىم ئەيلە،
ئەۋۋەلقىسىنى ئانىڭ ھەيا فەھىم ئەيلە، ئۈچىنچىنى بىلەسەڭ، سەخا فەھىم ئەيلە.

شائىر «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئەسىرىدە ساخاۋەت مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن ئاجرىتىپ، ئۇنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ: «ساخاۋەت- ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ھوسۇلدار دەرىخى،

بەلكى ئۇ دەرەخنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى. ساخاۋەت ــ ئادەملىك پەزىلىتىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزى، بەلكى ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ بىباھا گۆھىرىدۇر.» مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسىرلەر مابەينىدە سېخىي ئادەملەر ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. ئۇلارسىز «ئىنسانىيەت بېغى»نىڭ پەيزى ۋە ھوسۇلدارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان. سېخىي زاتلار بار ئىكەن، «ئادىمىلىك پەزىلەتلىرى» مەڭگۈلۈك پاك ۋە مۇقەددەستۇر.

نەۋائىي سېخىي ئادەملەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەردىن كۆككە ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇنى ئىنسانىيەتكە خامان - خامان ھوسۇل بېرىدىغان خاسىيەتلىك بۇلۇتلار تۈرىدە تىمسال قىلىدۇ. بېخىل ئادەم بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە تەتۈرىسىدۇر. بېخىلنىڭ غەم - تەشۋىشى دائىما ئالماق ۋە يىغماقتۇر. نەۋائىي بېخىللارنى ئېگىزدىن دان تېرىيدىغان چۈمۈلىگە تەڭلەشتۈرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ تەكىتلەش لازىمكى، ئىسراپخورلۇق، ھالال توپلىغان دۇنياسىنى ھاختانچاقلىق بىلەن خەيرى - ئېھسان قىلىشنى شائىر سېخىيلىق ھېسابلىمايدۇ. نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا يازىدۇ: «ئىسراپ قىلىش ــ سېخىيلىق ئەمەس. ئورۇنسىز بۇزۇپ - چېچىشنى ئەقىللىق ئادەملەر سېخىيلىق دېمەس. ھالال مالنى سورىغاننى كىشىلەر دىۋانە، دەيدۇ. يورۇق جايدا شام ياققاننى ئادەملەر ئەقلىدىن ئازغان، دەيدۇ. ماختىنىش ئۈچۈن مال بېرىش ــ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش. شۇ يول بىلەن ئۆزىنى سېخىي قىلىپ كۆرسىتىش ــ ھايasızلىق. كىمكى خەلققە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېھسان بەرسە ــ ئۇ پەسكەشلىك. تىلىگەندىن كېيىن بېرىش ــ ساخاۋەتتىن ئەمەس. قىستىغاندىن كېيىن بەرگەندىن بەرمىگەن ياخشى. بىر توغاچنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئاچ ئادەمگە بەرگەننى سېخىي دەپ، ئۆزى يېمەي ھەممىسىنى مۇھتاج ئادەمگە بەرگەننى خىسلەتلىك دوست، دەپ بىل».

يورۇقتا شام ياققان تەلۋىگە ئوخشاپ قالماسلىق، ماختانچاقلىق بىلەن بەھايالىقتا داڭ چىقارماسلىق، سېخىيلىق نىقابىدا ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشتەك پەسكەشلىككە قول بولماسلىق ئۈچۈن، يوقىرىقى پىكىرلەرنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمدۇر. سېخىيلىقنىڭ مۇھىم شەرتى ــ ياخشىلىق. ئەمما ياخشىلىققا مىننەت قوشۇلسا، ئۇ ئەھمىيىتىنى تولۇق يوقىتىدۇ.

قىل ياخشىلىقۇ دېمەكىن داخىل قىلدىم،

مىننەت بىلەن ياخشىلىقنى باتىل قىلما.

نەۋائىي ھىممەتنى ساخاۋەتتىنمۇ ئۈستۈن قويىدۇ. ئۇنىڭچە «سېخىيلىق ــ ئادەمنىڭ بەدىنىدۇر، ھىممەت بولسا ــ ئۇنىڭ جېنى». جانسىز تەننى تىرىك دېگىلى بولمىغىنىدەك، ھىممەتسىز ئادەمنىمۇ ئەر دېگىلى بولمايدۇ. ھىممەت ــ ئۇلۇغ سۈپەت. ئۇ پاكىز كىشىلەرگىلا خاستۇر. «ئالىي ھىممەت ئادەم ــ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىندۇر. ھىممەتسىز كىشى ــ چاشقان تۇتۇپ يەيدىغان سادۇر». ھىممەت ئىگىلىرىگە خاس يەنە بىر پەزىلەت شۇكى، ئۇلار كەمبەغەل ياكى قاششاق بولسىمۇ، زادى پەسلىك قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، تەبىئىي تەن پاكلىقى يول قويمايدۇ. ھىممەت ساھىبلىرى ھېچقاچان ئۆزلىرىگە راۋا كۆرمىگەن بەختسىزلىكلەرنى ئۆزگىلەرگىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار يىقىلغاننى يۆلىگۈچى، تەلەيسىزلەرنىڭ غەم - كۈلپەتلىرىنى كۆتەرگۈچى، ئاچ ۋە يالىڭاچلار بىلەن بارىنى تەڭ كۆرگۈچىلەردۇر. شۇلارنىڭ روھى ۋە ھەرىكەتلىرى سەۋەبى بىلەن ئىنساب ۋە دىيانەتكە بولغان ئىشەنچ دىللارنى يورۇتىدۇ. ئۆزىدىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان، مال - دۇنيا يىغىشنى كەسىپ قىلغان نەپس بەندىلىرى مۇھىتىدا ھىممەتلىك ئادەملەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى چىراغلاردەك ئەتراپنى يورۇتىدۇ.

ئادەتتە پېئىل ئەتىۋارى يارىماس ئادەملەر پەس ئادەملەر دېيىلىدۇ. بۇنداق پەسلىكنىڭ يىلتىزىمۇ ھىممەتسىزلىكتىن باشلىنىدۇ.

كىشىلەردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىش — مەنىۋى ئاجىزلىق. دېمەك، ئۇنىڭ يىلتىزىمۇ ھىممەتنىڭ كەملىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھىممىتى يۈكسەك ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنىڭ تۈۋەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «سەئدىي ئىسكەندەرىي» دىكى تۆۋەندىكى مىسرالاردا شۇ ھەقىقەت ئىپادىلەنگەن:

بىرەۋ كىم، ئاڭا ھىممەت ئولدى بەلەند،
ئېرۇر ئالەم ئەھلى ئارا ئەر جەمەند.

ھىممىتى يۈكسەك ئادەمنىڭ «ئالەم ئەھلى ئارا ئىززەتلىك» زات بولىدىغانلىقى — بۇ بىر تەرەپ. ئۇنىڭ ئىككىنچى تەرىپىمۇ بار، بۇنداق ئادەم شۇ يول بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ ئازاب، مۇشەققەتلىرىدىن ئۆزىنى خالاس قىلىشقىمۇ ئېرىشەلەيدۇ.

كىشىكىم بى كېرەكتۇر ھىممىتى،
جاھان ئەھلىدىن كەمدۇر مېھنىتى.

بۇ — ئومۇملاشتۇرۇلغان پىكىر. نەۋائىي بۇنى بىر قاتار ھاياتىي دەلىللەردە ئىسپاتلاپ بەرگەن.

نى قۇشكىم بەلەند ئولسە پەرۋاز ئاڭا،
ھەلاك ئىستەمەس ناۋەك ئەنداز ئاڭا.

بۇ — بىرىنچى دەلىل: ھەر قانداق بىر قۇش كۆككە پەرۋاز قىلغانسېرى، ئوۋچىمۇ ئۇنىڭغا ئوق ئۈزۈشكە شۇنچە ئامالسىز قالىدۇ. بۇ بېيىت بىلەن ئاۋۋالقى بېيىت ئوتتۇرىسىدا سەۋەبى باغلىنىش يوق، لېكىن مەنتىق ئېتىبارى بىلەن ئۇيغۇنلۇق بار.

ئىككىنچى دەلىل:

ئەگەرچە ئېرۇر موشەك ئاتىماق ئىشى،
بۇلۇت ماھۇغىن ئور تەي ئالماس كىشى،

ھىممەت — مەنىۋى ئەخلاقىي چۈشەنچە. نەۋائىيدىكى رېئاللىستىك قۇدرەت بۇ چۈشەنچىنىڭ ماھىيىتىگە ئوقۇغۇچىنى ھاياتىي ھادىسىلەر ئارقىلىق ئىشەندۇرىدۇ. ئاخىر كۆككە قاراپ چوغ - يانغىن ئېتىۋەرگەن بىلەن «بۇلۇت ماھۇغى»نى ئۆرتىگىلى بولمايدىغانلىقىدىن كىمنىڭ گۇمانلىنىدۇ؟ شېئىردىكى «بۇلۇت ماھۇغى» — ھىممىتى يۈكسەك، ئالىيجاناب كىشىنىڭ سىمۋولىدۇر. تۇرمۇشتىكى سېخىي، كەڭ قورساق كىشىلەرگە چوغ - يانغىن ئاتقۇچى ئادەملەر ھىممەتتىن مەھرۇم بولغان، پەسلىكتە تېگى يوق ئادەملەردۇر.

ئۈچىنچى دەلىل:

نېچە تىفىل قىلسا پۈۋلەپ خىرەلىك،
قاچان شەمئى ئەنجۇم تاپار تىرەلىك؟

دەرۋەقە، ئىچى تار ئادەم قانچىلىك تەلۋىلىك بىلەن كۈچەپ پۈۋلىسۇن، پەلەك شامى — ئاي ياكى ئاپتاپ بەربىر خىرەلەشمەيدۇ. ھىممەتلىك ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ھادىسىنى ئەسلەتكۈچى كىشىلەرنىڭ قىستىغۇرلۇقلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ. لېكىن ھىممەت ئەھلىگە ياۋۇزلۇق قىلىنسا نېمە بولىدۇ؟ نەۋائىي بۇ سوئالغىمۇ دەلىل ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ: يۈكسەك بىر تاغ ئۈستىدە تولۇنئاي، قەيەردىندۇ بىر يىرتقۇچ قاپلان شۇ تاغ ئۈستىدە

پەيدا بولدى. ئۇ ئايغا قاراپ ھۆركىرەشى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشى مۇمكىن، لېكىن سەكرەپ ئۇنىڭغا چاڭ سالالمايدۇ.

تۇتايكىم، بۈيۈك تاغقا چىقسۇن پەلەك،
تولۇنئايغا سەكرەپ يەتۇرگەيمۇ چاڭ؟

بۇ سوئالغا ئىختىيارسىز «ياق» دەپ جاۋاب قايتۇرۇسىز، ھەممەتلىك كىشىلەرنىڭ تولۇنئايدەك يالغۇز بولماسلىقىنى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ دۇنيادا يۇلتۇزلاردەك كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز.

ھەممەت زامان - زامانلاردىن بۇيان چىن ئىنسانلىقنىڭ يورۇق شولىسى سانىلىپ كەلگەن. بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

## تەمە — تۇنجى «ئوغۇل»

پارس ئۆلكىسىدىن ئىككى كىشى چىن مەملىكىتىگە قاراپ سەپەر قىپتۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىيتى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى بىر - بىرىگە زىت ئىكەن. بىرى - بارغا شۈكرى قىلىپ ياشىغۇچى قانائەتچان كىشى، يەنە بىرى - ئاچكۆز، دۇنيا پەرەس، تەمەخور ئىكەن. بۇ ئىككى ئادەم ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. يولدا ئۇلارغا يېرىمى تۇپراققا كۆمۈلگەن بىر تاش ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە خەت بار ئىكەن. ئۇلار خەتنى ئوقۇپتۇ: «كىمكى مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، تاشنىڭ تەتۈر تەرىپىنى ئاغدۇرسا، ئۇنىڭغا بىر ئەپسانە پۈتۈلگەن. ئەپسانىدا ئېيتىلىشىچە، شۇ ئەتراپتا بىر ۋەيرانە بار. ۋەيرانىنىڭ تېگى بولسا خەزىنە. مۇشەققەتكە چىدىغان ئادەم شۇ خەزىنىگە ئىگە بولىدۇ.» تەمەخور بۇنى ئوقۇپ، ئارامىنى يوقىتىپتۇ - دە، تاشنىڭ ئاستىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. قانائەتچان كىشى بولسا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي يولىنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا خىسلەتلىك شۈكرى - قانائەت ھەمراھ ئىكەن. ئۇ تاڭ ئاتقىچە توختىماي يول بېسىپتۇ، تاڭ سەھەردە بىر شەھەرگە كەپتۇ. شەھەرگە كىرىدىغان يوللار كۆپ ئىكەن. لېكىن ئۇ ئەڭ يېقىن بىر يول بىلەن شەھەرگە مېڭىپتۇ. ئۇ دەرۋازىغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا خالايىق ئۇنى قورشىۋاپتۇ. بۇ ئەلنىڭ قائىدىسىدە، پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋاپاتى سىر تۇتۇلۇپ، كىم سەھەردە بىرىنچى بولۇپ شەھەرگە كىرسە شۇ كىشىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىغا تاج كەيدۈرۈپ، قولىغا ئۈزۈك تاقايدىكەن. ئۇنى مۇشۇ ئىشنى بېجىرگۈچى ئادەملەر كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەملىكەتكە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ. تەمەخورنىڭ تەقدىرى نېمە بوپتۇ دەمسىز؟ ئۇ ئۆزىنى راسا قىيناپ، مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن تاشنى ئاران بىر تېرەپكە ئۆرۈپتۇ. قارىسا، يەنە ھېلىقىدەك خەت تۇرغۇدەك: «خام تەمە دۇنيادا دائىم ئەلەم ۋە رەنجىش بىلەن تۈگەيدۇ.» نەۋائىي قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە يازىدۇ.

كۆپ ئالتۇن، كۈمۈش سارى قول سۇنماغىل، كۆڭۈلدە داغى مەيلىنى ئاسراما،
كى تۇتساڭ كەفىڭنى قارا رەڭ ئېتەر. كى كۆڭلۈڭنى داغى ھەم ئول زەڭ ئېتەر.

بايلىققا بولغان تەلۋىلەرچە ھەۋەس ۋە ئىنتىلىش ھېلىقى تەمەخور شەخسنى خۇددى شۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئوقۇرمەن ئۇنىڭ دىلىنى قاپلىغان كىر - قانداقتۇ بىر خىل خۇنۇك چىركىنلىكنى ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلەيدۇ.

ئۇلۇغ تۈرك شائىرى يۇنۇس ئەمرۇ نەپسىنىڭ پەقەت يالغان ۋە نىزا بىلەن شوغۇللىنىدىغان توققۇز ئوغلىنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ. پەيلاسوپ شائىرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئوغۇللارنىڭ

تۈنجى ۋە بىرىنچىسى تەمەدۇر. ئۇ ئىنساننى توغرا يولدىن ئازدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كىبىر، دۈشمەنلىك، ھەسەت ۋە تۆھمەت قاتارلىق ئوغۇللىرى ئاندىن ھەرىكەتكە كېلەرمىش. تەمە — مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ خىردىسى. ئۇ ئەقىلنى يالغانچىلىق ۋە مۇناپىقلىققا ئۈندەيدۇ. تەبىئىيكى بۇنىڭدا ئىنسانىيلىق شەنى بۇلغىنىپ، كىشىلىك غۇرۇر خورلىنىدۇ. تەمە يولىغا كىرگەن كۆڭۈل يۇلۇش ۋە ئېرىشىشكە ئىنتايىن ئامراق كېلىدۇ. نەۋائىي تەمەخورنىڭ پەيلىنى «يەپ تويماسنىڭ تاماققا بولغان ئامراقلىقى»غا تەڭلەشتۈرىدۇ. ئەھمەد يەسسەۋىي يازىدۇ:

نەپسىم مېنى يولدىن ئۇرۇپ خار ئەيلىدى،
تەرمۇلتۈرۈپ خەلققە مېنى زار ئەيلىدى.

شائىر بۇ يەردە تەمە تۇغدۇرغان خورلۇق ۋە ئەلەمنى بەكمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. نەۋائىينىڭمۇ «تەمەدە رەزىللىك ۋە ئازاب — ئۇقۇبەت بار» دېيىشى بىكار ئەمەس. بىز شۇ رەزىللىكلەرنىڭ ئايرىملىرىنى ئېيتىپ ئۆتەيلى: تەمە ئەڭ ئاۋۋال ئېتىقادنى شىكەستىلەيدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنسان پاكلىقىدىن، ۋىجدان خالىسلىقىدىن ئايرىلىدۇ. ھەممە نەرسىنى پايدا تارازىسى بىلەن ئۆلچەش ئاقىۋىتىدە، ئۇ «تۆگىنى ئىت ئالدىدا تىز چۆكتۈرۈپ»، «شىرنى»، «قۇرت — قوڭغۇزلار» بىلەن سەپداش قىلىدۇ. «قۇرقۇتئاتا كىتابى»دا: «كۆڭلى يۈكسەك ئەر خار بولماس» دېيىلگەن. تەمە شۇ پەلسەپىگە تامامەن قارىمۇ قارشىدۇر. ئۇ كۆڭلى يۈكسەكلىكنىڭ ئاپەتلىك دۈشمىنى. كىمدىكى تەمەخورلۇق تۇيغۇلىرىنى بايقىسىڭىز مۇنداق ئادەمنىڭ سەممىيىتىگە زادى ئىشەنمەڭ. ئۇلار شائىرمۇ، ئالىممۇ، رەھبەرمۇ بەربىر، ھامان مەنپەئەت ۋە شۆھرەتنىڭ قۇللىرىدۇر. بۇنداقلار ھەمىشە ئېرىشىش ئۈچۈن سېتىشقا، ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىگىلىشكە، ئادىللىق شۇئارى بىلەن ئۇياتسىز يالغاننى بازارغا سېلىشقا ھەر قاچان تەييار تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. نەۋائىي بىزنى ھەممە نەرسىنى ئۆز نامى بىلەن ئاتاشقا ئۆگىتىدۇ. شائىر تەمەخورلۇقنى ئەيىبلەپ: «بەلكى دىۋانىدۇر تەمەخور كىشى» دەپ يازغان. گاداي ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوشۇرمايدۇ. تەمەخور گادايدىنمۇ پەس تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ خار ۋە قۇللۇقىنى پىنھان تۇتىدۇ، لېكىن ئۇ مەخپىي تۇتۇشقا بولمايدىغان ئىللەتلەردىن ئەمەس. نەۋائىي يازىدۇ:

بىرەۋكى، تەمەئ رىشتەئى قىلغۇسى،
ئۇنىڭ بىلەن بوغزىدىن ئاسىلغۇسى.

ئىنسان تەمەسىز كۈن كۆچۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن. مېھنەت ۋە زەھمەت ئىنسان قەلبىنى تەمە ھېسلىرىدىن تېنىمسىز تازىلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە مەنىۋى ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ئېھتىياجلارنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش، تۇرمۇش تەشۋىشلىرى قايىنىمىغا چۆكۈپ قالماسلىق، چوڭ مەقسەتلەر يولىدىكى پائالىيەتچانلىققا ئىنتىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەمما تەكىتلەش كېرەككى، تەمە توزانلىرى شۇ چاغدىمۇ ئىنسان كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. نەۋائىي يازىدۇ:

ئەي، نەۋائىي، ئالەم ئەھلىدە تەمەئسىز يوق كىشى،
ھەر كىشىدە بۇ سىفەت يوقتۇر، ئاڭا بولغاي شەرەف.
سەن ئەگەر تەركى تەمەئ قىلساڭ، ئۇلۇغ ئىشتۇر بۇ كىم،
ئالەم ئەھلى بارچە بولغاي بىر تەرەف، سەن بىر تەرەف.

بۇ يەردە شائىر بۇ ئۇلۇغ نەتىجىگە يېتىش ئۈچۈن غايەت ئۇلۇغ كۈچنىڭ يەنى تازىلىنىش قۇدرىتىنىڭ لازىملىقىنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدا تەمەخورلۇقنى تەرك قىلىشنىڭ ئېنىق يولى ۋە ۋاسىتىلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلاردىن بىرى رىيادىن ساقلىنىش:

نەۋائىي، تەمەئ تۇخمىن ساچما كۆپ،
رىيا ئاچىقىدىن ئاڭا سۇ ئاچما كۆپ.

دېمەك، رىيا سۈيىسىز «تەمە تۇخۇمى» كۆكەرمەيدۇ. رىياكارلىقنىڭ كۆشەندىسى نېمە؟ ئەقىل ۋە دانالىق. دانالار كۆڭلىدە «تەمە تۇخۇمى» ئۆز - ئۆزىدىن كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ:

ئەي كۆڭۈل، كۆيدۈر تەمەئ تۇخمىن، تەمەئنى مەزرەئىن،
بۇ ئېكىننى چۇنكى ھەرگىز قىلمەدى دانا پىسەند.

ئابدۇراھمان جامىينىڭ «باھارىستان» ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايەت بېرىلگەن: ئىتتىن سوراپتۇ: «نېمە ئۈچۈن سەن بار ئۆيگە گادايىنىڭ قەدىمى يەتمەيدۇ، سەن ياتقان بوسۇغىدىن تىلەمچى ئاتلاپ ئۆتەلمەيدۇ؟»، «مەن تەمەدىن خالىيمەن، - دەپتۇ ئىت، - ماڭا خىزمىتىمگە يارىشا بىر پارچە نان ياكى بىر پارچە ئۇستىخان بولسىلا كۇپايە. گادايچۇ؟ ئۇ ھەممىشە ئاچمەن، دەپ يۈرۈپ تىلەيدۇ. قولى ھەر دائىم كەڭ سوزۇلغان. خالتىسىدا بىر ھەپتىلىك نان-ئوزۇق، لېكىن ئۆزى ئاچمەن، دەپ زارلانغىنى زارلانغان. تەمەدىن خالىيلىقىم تۈپەيلىدىن تەمەخور بىلەن دوست بولالمايمەن».

بۇ ھېكايەتتىن، تەمەخور ئادەم ئىتتىنمۇ پەس، ئۇ ئۆزىنى ھەتتا ھايۋان ئالدىدىمۇ خار قىلىدۇ، دېگەن مەنە چىقىدۇ. مەيلى ئىلگىرى - كېيىن بولسۇن ئىنسان كامالىتى ئۈچۈن قايغۇرغان، ئۇنىڭ ئادىمىلىك پەزىلەتلىرىنى قوغدىغان ھەر بىر شەخس سىياسىي خەلقنىڭ شەۋكەتلىك پەرزەنتلىرىنى كۆرۈش ئىستىكىدە يانغان نەۋائىي تەمە توغرىسىدىكى ھەر بىر تەنقىدىي سۆزى بىلەن پەسلىك، قۇللۇق، ئۆز قەدرىنى پايمال قىلىشتەك غەيرىي ئىنسانىي قىلمىشلارنى ئاتتىق قارىلىغان.

مۇھەممەد يۈزۈلمىي تەنتەنەلىرىدىن بىرىدە: «دۇنيادا سۇلتانلار ماڭا ئېھسان تەكلىپ قىلىشسۇن، بېشىمدا قانائەت تاجى بار. شۇ خىسلەتلىك تاجنىڭ ئۆزى ماڭا يېتەرلىك» دېگەن ئىدى. شائىرلار شاھلىقتىن قانائەتچان بولۇشنى ئەلا بىلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قانائەتچانلىقنىڭ ئۆزى تەڭسىز سەلتەنەت، تەڭدىشى يوق سۇلتانلىق. قانائەتچان كىشى ھەممە تەرەپتىن يەڭگىل ۋە خاتىرجەم. قانائەتچان كىشى «تىنىچ ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئىچىلگەن ئۇماچ»نى باشقىلارنىڭ ياغلىق پولۇلىرىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئادەم. ئۇ باشقىلار ھەدىيە قىلغان خەزىنىدىن زەھمەت چېكىپ، مېھنەت بىلەن تاپقان بىر ياغاچ تەڭگىسىنى مىڭ ھەسسە ئارتۇق بىلىدۇ. ئۇ ئاشۇ ئالىيجانابلىقى ۋە پاكلىقى بىلەن ھەر قانداق ھەيۋەتلىك زاتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

نەۋائىي تەمەگە قانائەتنى قارشى قويىدۇ. شائىر ئەسەرلىرىدە قانائەت ھەممە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى قوغدىغۇچى، ئىنساننى خورلۇق، مۇھتاجلىق، قەدىرسىزلىك، ئازاب ۋە ئەلەملەردىن ساقلىغۇچى مەنىۋى ئەڭگۈشتەردۇر.

كىمكى ئىش بولدى قانائەت فەنى،
بىلكى ئۇنى قىلدى قانائەت غەنى.

قانائەت ئادەمنى مەنەن ۋە روھەن بېيىتىدۇ. ئۇنى خورلۇققا مەھكۇم قىلىدىغان ئېھتىياجلاردىن قۇتقۇلدۇرىدۇ. چۈنكى «قانائەت بىر بۇلاقكى، ئالغان بىلەن ئۇنىڭ سۈيى ئۈكسىمەيدۇ. ئۇ بىر خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭدىكى بايلىق چېچىلىپ تۈگىمەيدۇ. قانائەت كىشى كۆڭلىگە يورۇقلۇق ۋە ئازادىلىق يەتكۈزىدۇ. قانائەتچان دەرۋىشنىڭ قاتتىق نېنى تەممەخور شاھنىڭ نازۇ - نېمەتلىرىدىن تەملىكرەكدۇر. قانائەتكە ئۆگەنگەن پېقىرنىڭ سۇيۇق ئۇمىچى ئاچكۆز باينىڭ ناۋاتۇ - ھالۋىسىدىن شېرىندۇر. ھەر كىم قانائەتكە ئادەتلەنگەن بولسا شاھلىقنىڭمۇ، گادايلىقنىڭمۇ غەم - تەشۋىشىنى بىلمەيدۇ... قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭغا كىرسەڭ، نەپسىنىڭ غەلۋىسىدىن قۇتۇلىسەن». ئومۇمەن ئەلشىر نەۋائىي قانائەتنى ئېھتىياجسىزلىقنىڭ نېگىزى، ئىززەت ۋە شەرەپنىڭ ھەقىقىي تەنتەنىسى، دەپ بىلگەن. دېمەك، قانائەت پەلسەپىسى ھۆرلۈك، قەلب ۋە روھ ئازادلىقى پەلسەپىسىدۇر. ئۇ شەخس ئۈچۈن ئەڭ مۇبارەك ئېركىنلىكتۇر.

## توغرىلىق — ئۇلۇغ مەنىۋى كۈچ

چاتقاللىقتا بىر پىرتقۇچ شىر ياشايدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى ئاغزىدا چىشلەپ ئاسرايدىكەن. ئاشۇ چاتقاللىقتا يەنە بىر كەكلىكمۇ بار ئىكەن. شىر بالىسىنى چىشلىگىنىچە چاتقاللىقتا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. ئۈستىدىن پىرقىلىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەر قانداق نەرسە ئۇنى چۆچۈتىدىكەن، شۇڭا، ئۇ بالىسىنى ئاسراپ تېخىمۇ قاتتىق چىشلەيدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جىگەر پارىسى بەكمۇ ئېغىر ئازابلىنىدىكەن. بۇ غەم - تەشۋىشلەردىن يەتكۈچە تويغان شىر ئاخىرى كەكلىك بىلەن دوستلىشىپ خاتىرجەم بولماقچى بوپتۇ. ئۇ كەكلىككە دەپتۇ: «مېنىڭ ساڭا ھېچقانداق قەستىم ۋە دۈشمەنلىكىم يوق. مېنى ئۆزۈڭگە ئىشەنچلىك دوست بىلگىن. قورقۇشنى يىغىشتۇر. كەل، ھەمدەم ۋە سىرداشقا ئايلىنايلى. خۇرسەنچىلىك چاغلىرىدا مېنىڭ خۇشاللىقىمغا شېرىك بول. مەنمۇ سېنىڭ نەغمىلىرىڭنى ئاڭلاپ شادلىناي، غەم - ئەندىشىدىن خالاس بولاي. شەرتىم شۇكى، ساڭا بىرەر زىيان يەتسە ياكى تەقدىر سېنى ھىيلە بىلەن بەند قىلسا سېنىڭدىن مېھرىمنى ئايىمايمەن. دۈشمىنىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن». شىر بۇ گەپلەرنى چىن يۈرەكتىن، ساداقەت بىلەن ئىزھار قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق تىكلىنىپتۇ. كەكلىك شىرنىڭ ئەتراپىدا ئەركىن ئۇچۇپ، سايراپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شىر ئۇنىڭ سايراشلىرىدا ساختىلىق بارلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى «توغرىلىق ئالدىدا يالغان ئېيتىش گۇناھ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. نەسىھەتنى ياقتۇرمايدىغان كەكلىك بولسا ھېچقانداق ئويلىماي يالغان پىغانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋچىنىڭ باسمىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆلەر ھالەتتە: «مېنى قۇتقۇلدۇرۇڭلار» دەپ چىرقىراپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان شىر ھەتتا پەرۋامۇ قىلماپتۇ. چۈنكى ئۇ، كەكلىك ھەر قاچانقىدەك يالغان زارلىنىشلىرى بىلەن مېنى ئالداۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ھالبۇكى، بۇ قېتىم يالغان راستقا ئايلانغان، لېكىن شىردىكى ئىشەنچ يوقالغان ئىكەن. نەتىجىدە كەكلىك جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. نەۋائىي بۇ ھېكايەت بىلەن يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسەتكەن، يەنى يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى كىشىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن،

شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي سۆزىدە: «نېمە دېسەڭ، چىن دېگىل» دەپ دەۋەت قىلىدۇ. كەكلىكنىڭ ئۈچۈن يالغان سۆزلەش بىر ئەرمەك ئىدى. لېكىن ئۇ ئاخىرى ئۆز ئەرمىكىنىڭ قۇربانى بولدى. شۇنداق، يالغانچىلىق ۋە مەمەدانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئاشۇنداق دەھشەتلىك. ھېكايەتتىن كېلىپ چىقىدىغان يەنە بىر مەنە ئەنە شۇ. قەدىمكى كىتابلاردا: «دۇنيادا بىرلا توغرا ۋە دىيانەتلىك ئادەم بولىدىكەن، قىيامەت قايىم بولمايدۇ» دېيىلگەن ئىكەن. بۇ — توغرىلىق دۇنيانىڭ پاسىبانى، دىيانەتنىڭ بارلىقى — ئىنسانىيلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى دېگەنلىكتۇر. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي شېئىرىيىتىدە توغرىلىق ۋە راستچىللىق، ساداقەت، سادىقلىق تۇيغۇلىرى تەرغىباتى كەڭ ئورۇن ئىگىلىگەن.

ئۆزىنى چۈشىنىشكە ھەۋەس ئادەمنىڭ ھايات يولى تۈز ۋە ئاسان بولمايدۇ. بۇ يولدا ئازاب ۋە مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايدۇ. روھىي ئازابۋە خورلۇقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يوللاردا تەقدىر بەزىلەرگە ھەسەل بەرسە، بەزىلەرگە ئوغا بېرىدۇ. لېكىن ئادەم تۇرمۇش ۋە ھايات قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا تىز پۈكۈش ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ. ئۇ ئىگىلمەسلىك سۇنماسلىق، يېڭىلمەسلىك مەغلۇب بولماسلىق ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ. بەس، شۇنداق ئىكەن، ئادەم ئى. ھېمىڭۋاينىڭ: «ئىنساننى ئۆلتۈرۈش مۇمكىن، لېكىن ئۇنى يېڭىپ بولمايدۇ» دېگىنىدەك ئېتىقادقا تايىنىشى، شۇ ئېتىقاد يولىدا ئاخىرىغىچە كۈرەشىشى كېرەك. ئېتىقادنىڭ بىر يىلتىزى — توغرىلىق. راستچىللىققا تايانغان ئەقىل يېڭىلمەستۇر. ئەلشىر نەۋائىي: «ھەر كىم ئۆزىگە توغرىلىقنى ئادەت قىلغاندىن كېيىن، چەرخنىڭ تەتۈر ئايلىنىشىنىڭ نېمە كارامىتى بار؟» دېگىنىدە نەقەدەر چوڭ ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ـھە! توغرىلىق ـ ھەممە ھاياتىي ئامىللارنىڭ كىلىتى. توغرىلىق ـ ئەلەم ۋە مۇشكۈللۈكلەرنىڭ خۇنۇك قاراڭغۇلۇقىنى ھەيدەيدىغان ھارارەتلىك يورۇقلۇق. نەۋائىينىڭ ئېيتىشىچە، كىشى ئالدىدا يۈز ئەمەس، مىڭ مۇشكۈلات تۇرغان تەقدىردىمۇ، مۇبادا ئۇ توغرىلىققا مايىل بولسا، ئۇنىڭ ئىشى يەنىلا يۈرۈشىدۇ.

تۈزلۈككە مايىل ئولكى، ئىشىنىڭ بارغاي ئىلگەرى،
يۈز مۇشكىل ئولسە يوقسەمىڭ ئالدىدا ھەر زامان.

نەۋائىي بۇ كېيىنكى ئىسپاتى ئۈچۈن شۇنداق دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ:

يۈز سەبەھ بىر قەلەم بىرلە كاتىب قىلۇر رەقەم،
مىڭ قوينى بىر ھاسا بىرلە ھەريان سۈرۈر شوبان.

قىزىق، كاتىب بىر قەلەم بىلەن يۈزلەپ سەھىپىلەرنى تولدۇرىدۇ، چوپاننىڭ قولىدا بىرلا تاياق، ئۇنىڭ بىلەن مىڭلاپ قويلارنى باشقۇرىدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەنىمىز. ھالبۇكى، قەلەمگە ئوخشاشلا چوپان تايىقىنىڭ كۈچىمۇ توغرىلىق ـ تۈزلۈكتە ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كاتىبقا قەلىمى، چوپانغا تايىقى شۇنچىلىك قەدىردان ۋە سۆيۈملۈك ئىكەن. ئىنسان ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا ھەر تۈرلۈك مۇلاھىزىلەر بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بۈيۈكلۈك دەرىجىسى قانداق ۋە ئۇنىڭ نەدىن باشلىنىشى ئېتىبارغا تولۇق ئېلىنمايۋاتىدۇ. دانالىق، تەشەببۇسكارلىق، ئىلمىيلىق ۋە خاراكتېر تۇراقلىقلىقى — بۇلارمۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر. لېكىن كىشىدە شۇنچە ئەجايىپ پەزىلەتلەر بولۇپ يالغۇز توغرىلىق يېتىشمىسە، بۇنداق ئادەم بەربىر ئادەتتىكى شەخس. ئۇلۇغ بولۇش ئۈچۈن توغرىلىق سۈپىتى بولۇش كېرەك. ئەگەر دىلنىڭ زېمىنىدا ئەۋجلەنگەن «ئالىيجانابلىق»لار ئۇنۇمسىز يەرگە سېپىلگەن يارامسىز ئۇرۇقتەك بىر نەرسە. ئۇلار بىخ سۈرمەستىن قۇرۇيدۇ. بۇ مەسىلىدە نەۋائىي تېخىمۇ ئىبرەتلىك دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ:

بىيمك مەقامىغە ئۇلكىم تىلەر سەبات كېرەك،
كى ئەگرىلىك قويۇپ، تۈزلۈك ئەيلىسە قانۇن.
تۈز ئۇلسە سايەسىدە ئەل تىنىپ مەدار كەبىي،
سىپېھر ئېۋىدە تۇرار قەرنىلەر ئىچۈككى سۇتۇن.
گەر ئەگرىدۇر ياغىبان ئوقۇ باغلەنىب بويەن،
بولۇر قەبەق يىغاچىدەك بەش - ئونچە كۈندە
نىگۈن.

دەسلەپكى بېيىتنىڭ مەنىسى: كىمكى يۈكسەكلىك مەرتىۋىسىنى خالىسا، ئۇ ئەگرىلىكتىن كېچىپ، توغرىلىقنى قانۇنغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. كېيىنكى مىسرادىكى پىكىرلەر تىمسال خاراكتېرىدىدۇر: «توغرا كىشى مۇنارغا ئوخشايدۇ. ئەل ئۇنىڭ سايىسىدا يېنىك تىن ئالىدۇ. مۇنارنى قارا، دۇنيا ئۆيىدە ئۇ ئەسىرلەر مابەينىدە شىپتەك تەۋرەنمەي تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەگرى بولغىنىدا، پور ياغاچتەك بويىدىن كېسىلىپ بەش ئون كۈندە يەكسەن بولغان بولار ئىدى.»

نەۋائىي توغرىلىق ۋە ئەگرىلىكنى ئەنە شۇنداق تەھلىل قىلىدۇ. كىمكى يالغان سۆزلەشنى ئۆزىگە راۋا كۆرسە ئۇ ئەرمۇ، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس. شائىرنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئەسىرىدىكى توغرىلىق ۋە راستچىللىققا دائىر مۇلاھىزىلىرى تېخىمۇ ئىبرەتلىك. شائىر مۇنداق دەيدۇ: «شام ئۆزىنىڭ توغرىلىقىدىن خورسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باشتىن - ئاخىر كۆيۈپ تۈگىگىچە نۇر تارقىتىدۇ. چاقماقچۇ؟ ئۇمۇ يالقۇن چاچىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىيتى ئەگرىلىك بولغىنى ئۈچۈن بىر نەپەسلىك يورۇقلۇقتىن كېيىن ئۆچىدۇ. ئىنسان قەلبىدە ھېچ بولمىغاندا توغرىلىق شامى يېنىشى، ئۇ، توغرىلىقنىڭ ماھىيىتىنى مانا مۇشۇنداق مىساللار ئارقىلىق ئېنىق ئىدراك قىلىشى كېرەك.»

نەۋائىي شامغا ئوخشاش توغرىلىقتىن سۆيۈنىدىغان كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان. لېكىن بۇنداق ئادەملەرنىڭ بەكمۇ ئازلىقىدىن ئەپسۇس چەككەن. يالغانسىز ياشاشنىڭ قىيىنلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان شائىر: «ئادەم يالغان ئېيتىشىمۇ ئازراق ئېيتسا! قېنى ئەمدى شۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ زامانىمىزدىمۇ تېپىلسا. بىز شۇنداق زامان ئادەملىرىگە مۇپتىلا بولغانمىزكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا راستچىللىقتىن يامان نەرسە يوق» دەپ نالە قىلىدۇ. ئەمما نەۋائىي يالغانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشى. شۇڭا، ئۇ ھەر قانداق ۋەزىيەت ۋە زورلۇقىيەت ئالدىدىمۇ يالغان ئېيتماسلىقنى تەكىتلەيدۇ.

ئىنسان توغرىلىقنى ئۆگەنسە، توغرىلىق ئۇنىڭغا باشقا نەچچە زورلۇق پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. توغرىلىقنى گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى دېيىش مۇمكىن. ئۇ قولنى ئەركىگە چاقىرىدۇ. پۈكۈلگەن، ئېگىلگەن قامەتلەرنى رۇسلايدۇ. توغرىلىق ئېتىقادىغا تايانغان يۈرەك بەختلىكمۇ، بەختسىزلىكمۇ توغرا نەزەردە قارايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئالدانمايدۇ. يالغان خۇشاللىق، ياسىما ھەۋەسلەر توغرىلىق يالقۇنىدا گويا قۇرۇغان غازاڭدەك يانىدۇ، كۈل بولۇپ سورۇلىدۇ.

..........................

توغرىلىق بىر دىنىمىز مەنىۋى كۈچ. توغرىلىقنىڭ ھەر بىر ئىپادىسىدە شىجائەت ئەكس ئېتىدۇ. ئادەم دېگەن ئۇلۇغ چۈشەنچە ئاساسىدا راستچىللىق ۋە توغرىلىق ياتىدۇ. بولارسىز ئىنسان پەرزەنتى ھەر قەدەمدە ھاياتنىڭ ئەگرى، كەيپ - ساپالىق كوچىلىرىدا تەمتىرەپ ئۆزىنى ئۆزى خارلىق ھاڭغا ئىتتىرىدۇ.

## ئىچىملىك — ئەپسۇسلۇق سۈيى

. . . . . .

كىم ئەيلەسە ساقىينى گۈلئەندام تەمەئ، ئاندىن سوڭ ئەگەر تەقۋىيۇ ئىسلام تەمەئ،
ئىلكىدىن ئانىڭ ساغەرى گۈلفام تەمەئ. ئەيلەر ئولسا ئول مەردكى ئىبرۇ خام تەمەئ.

ئىسلام قائىدىلىرى بويىچە مەي ھارام، مەيخورلۇق گۇناھ ھېسابلىنىپ، مەيخورلۇق دىن پېشۋالىرى بىلەن دۆلەت كىشىلىرى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان. لېكىن شەرىئەت قائىدىلىرىنى قوغدىغۇچى بۇ كاتتىلار ئاۋام خەلقتىن ھېچبىر تەپتارتماي پىنھان رەۋىشتە شارابخورلۇق بىلەن مەشغۇل بولۇشقان. رۇبائىيدا شۇ خىلدىكى ئىككى يۈزلىمىچىلىككە قارشى گەپ قىلىنغان. شائىر (نەۋائىي) ئېيتماقچىكى، كىمكى ساقىيۇ گۈلئەندام قولىدىن گۈلگۈن شاراب تاماسىدا بولۇپ، يەنە ئىسلام تەرىقىتى ۋە شەرىئەت نامىدىن لاپ ئۇرۇپ، دىنىي دىيانەتكە دەۋاگەر بولسا، بۇ پۈتۈنلەي خام تەمە قىلىشتۇر. بۇنداق شېئىرلاردا نەۋائىينىڭ مەي ۋە ئۇنىڭ ھايات بەخش پەزىلەتلىرىنى قەدىرلىگەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

نەۋائىي مەينى خۇشاللىق مەنبەسى، دۇنيانىڭ غەم-قايغۇلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھاياتىي نېمەت تىمسالىدا مۇھاكىمە قىلغان. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھىجران ۋە ئايرىلىشنىڭ ئېغىر ئازابلىرىنى مەي بىلەن يېڭىش ئىستىكىدە ياشايدۇ. زامان زۇلمى، دەۋر ئەھلىنىڭ جەبرۇ-جاپالىرى مەي ئىچكەندە ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. ئەمما مەي ماۋزۇسىدا قانچە كۆپ گەپ قىلىنغان بولسىمۇ، نەۋائىي ھېچقاچان ئادەملەرنى تەلۋىلەرچە مەيخورلۇق، ئەخمىقانە قەدەھبازلىققا دەۋەت قىلمىغان. ئەكسىچە، ئىنسانپەرۋەر شائىر: شارابخورلۇق ئىنسان كامالىغا زىيان سالىدىغان ئىش، ئىچىملىككە ھەۋەس ئارتقانسېرى ئادەمىلىك سۈپەتلىرى كېمىيىپ، ھەتتا يوقىلىپ بارىدۇ، دەپ كايىغان. شۇنداق مەنزىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ: مانا بىر مەست ئادەم. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى زادى قولاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىلىك بىمەنە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كوچا باللىرىغا مەسخىرە. باللار خۇددى ساراڭغا تاش ئاتقاندەك، ئۇنىڭغا تاش ياغدۇرىدۇ. مەيخانىدىن توغرا كوچىغا چىققان بۇ مەستنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ بولمايدۇ، پېشانىسى يېرىلغان، يۈزلىرى كۆكەرگەن، بېشى يالاڭ. «يامان ئىتتەك ئادەملەرگە ئۆز-ئۆزىدىن ھەيۋە قىلىدۇ.» مەستلىكى غالىب كەلگەنسېرى ئۇ ئۆزىنى باشقۇرالمايدۇ. بېشى قايغان تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ. باللار خۇددى قىزىق بىر تاماشىغا ئۇچرىغاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىدۇ. مەست بولسا كەينى-كەينىدىن يىقىلىپ، ئاخىرى ئورنىدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ-دە، ئوخچۇپ-ئوخچۇپ قۇسىدۇ. مەستنىڭ يۈز-كۆزى قۇسۇق بىلەن بۇلغىنىدۇ. كېيىن نەدىندۇر بىر ئىت پەيدا بولىدۇ. كۆرىمىزكى، ئۇنىڭ ئىپلاس بەشىرىسىنى ئىت يالاپ، تازىلاشقا باشلايدۇ. مەستلىك ئۇيقۇسى تارقىغاندىن كېيىن، ئۇ ئەتىسى يەنە شۇ كونا خۇيىغا قايتىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ يانچۇقىدىكى ھەممە پۇلىدىن ئايرىلىدۇ. ئۆلۈكتىن كېپەن تىلىگەندەك، يول توسار بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ كىيىمىنىمۇ سالدۇرۇپ ئالىدۇ. مەست بىلە-بىلمەي ئۆز ئۆيىنى ئىزدەيدۇ، تاپالمايدۇ. ئەمما سەنتۈرۈلگىنىچە بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ ماڭىۋېرىدۇ. ئۆز جېنىغا، ئۆز ئىمانىغا زۇلۇم سېلىش بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ گەپ شۇنىڭدىكى، شۇنچە شەرمەندىلىكلەردىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى قىلچىمۇ خىرەلەشمەيدۇ. خىجالەت ئۇنى قىينىمايدۇ. چۈنكى: «ھاراق ئادەمنى ئىپلاس، يىرگىنىشلىك، يالغانچى قىلىپ قويىدۇ» دېگەندەك بۇنداق ھاللاردىن زادىلا نومۇس ھېس قىلمايدۇ.

يۇقىرىقى مەنزىرە — تارىخىي مەنزىرە. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدىمۇ مەست دەل شۇ خىلدا سۈرەتلەنگەن. لېكىن ئەينى پەيتتە ئۇ بۈگۈنكى ھاياتىمىزدىن

ئېلىپ كۆرسىتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي: «ئىچىملىك ھەم دەرد ئوتى، ھەم ئەپسۇسلۇق سۈيىدۇر» دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ئىچىملىككە بېرىلگەن ئادەم ئۆزىنى ھەر خىل دەرد ۋە ئازابلارغا، پەسلىك ۋە خورلۇقلارغا گىرىپتار قىلىدۇ. ئەپسۇس ۋە پۇشايمان ئوتى ئىچىدە كۆيىدۇ.

ئىبىن سىنامۇ تەۋىب سۈپىتىدىمۇ، سەنئەتكار سۈپىتىدىمۇ ئىچىملىككە بېرىلىشنىڭ ئىنسان ساغلاملىقى بىلەن ئۇنىڭ كىشىلىك ئىززىتىگە بولغان زىيىنىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ رۇبائىيلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەي مەستنىڭ دۈشمىنى، ھوشيارنىڭ دوستىدۇر. ئازى دورا، كۆپى يىلان زەھىرىدۇر.»

ئىبىن سىنانىڭ بۇ پىكرى ئۇنىڭدىن كېيىن ياشاپ ئۆتكەن شائىر، يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئۆزىگە خاس شەكىللەردە داۋام ئەتتۈرۈلگەن. مەشھۇر ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا: «ئاز-ئاز ئىچ، ئاھ-گاھ ئىچ، پىنھان ئىچ» دەپ ئىبىن سىناغا ھەمئاھاڭ بولغان. نەۋائىينىڭ پىكرىچە، مەيگە بېرىلىش سالامەتلىكنى كاردىن چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىنىڭ ئىنسانىي سۈپەتلىرىنى يىمىرىدۇ. شۇ زەھەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئەدەبسىزلىك، يالغانچىلىق، جىنايەتكارلىق ئىللەتلىرى كۆپىيىدۇ. ئارتۇقچە ئىچىش ئىنساننى ئىختىيارسىز رەۋىشتە ھايۋانغا ئايلاندۇرىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر بۇنداق چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ۋە ۋىجدانلىرىنى مەيگە قوشۇپ ئىچىۋېتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ. ئىنسان ئەقىل ۋە يۈرەك چىرىغىنىڭ خىرەلىشىشىنى خالىمىسا، ئۇ ھالدا ئىچمەسلىكى كېرەك. جاھالەت، رىياكارلىق، يالغانچىلىقتىن كىرلىنىشنى نومۇس بىلىدىغان ئادەم ئىچكىلىكتىن ھەزەر قىلىشى لازىم.

ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە: «زەنجىرلەنگەن شىر قېشىدا» ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىپ تەييارلىغۇچى: **مۇھەممەت پولات**

## ھېكمەتلەر

### ئەلىشىر نەۋائىي

△ سەۋر - تاقەت - ئاچچىق، ئەمما مەنپەئەت بەرگۈچى؛ ئۇ - قاتتىق، ئەمما زىيان - زەخمەتنى مەنئى ئەتكۈچى. قايسى بەختسىز سەۋر - تاقەتنىڭ پېشىنى تۇتقان بولسا، ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ مۇرادىغا يېتىدۇ. قايسى گىرىپتار كۆڭلىدىكى سەۋر-تاقەت تۈگۈنىنى يەشمىگەن بولسا، ئۇنىڭ بەخت تۈگۈنى ئېچىلىدۇ.

△ مەردلىك - بىر جاپاكەشنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرمەك ۋە ئاشۇ يۈكنىڭ جاپاسىدىن ئۇنى قۇتقۇزماقتۇر. مەردلىك - بىراۋنىڭ تىكەنلىك يۈكىنى كۆتۈرمەك ۋە تىكەن سانجىلىشىدىن گۈلدەك ئېچىلماق ۋە شۇ قىلغان ئىشى ھەققىدە قايتا ئېغىز ئاچماسلىق، زادى مىننەت قىلماسلىق، مۇتلەق يۈزىگە سالماسلىقتۇر.

△ ئەقىللىق ئادەم كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى كۆرۈپ خۇلاسە چىقىرىدۇ ۋە توغرا يولنى تاللايدۇ. بۇنى ئۇ، خاتالىقنى باشقىلار سېزىشتىن ۋە يۈزىگە سېلىشتىن بۇرۇن قىلىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مۇتەللىپ پالتاجى**






## نۇشىرۋان ئادىل ۋە ئېشەك

قەدىمكى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى شەرديى نۇشىرۋان بولسىمۇ، ئۇ پۇقرا پەرۋەر، ئادالەتلىك، دەردمەنلەرنىڭ ھال - مۇڭىغا يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن «نۇشىرۋان ئادىل» دېيىشىدىكەن. ئۇ ئادىللىقتا شۇ قەدەر ئىنچىكە ئىكەنكى، ئۇ ئادەملەرگىلا ئەمەس ھەتتا ھايۋان، ئۇچار - قاناتلارغىمۇ رەھىم - شەپقەت مېھرىنى تۆكىدىكەن. نۇشىرۋان ئادىل ھەققانىيەت نۇرىنى چاچقاچقا يۇرتى ئاۋات، پۇقرالىرى شادىمان ئىكەن. نۇشىرۋان



ئادىل: «بەزى دەردمەن پۇقرالىرىم ھالىنى ئېيتالماي قالمىسۇن» دەپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قوڭغۇراق بېكىتىپتۇ. كىمنىڭ دەردى بولسا، شۇ قوڭغۇراقنى چالسا، نەۋكەرلەر دەررۇ ئۇ كىشىنى نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ بارىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى قوڭغۇراق چېلىنىپتۇ. نەۋكەرلەر بېرىپ قارىسا، قوڭغۇراق يېنىدا ئورۇقلاپ ئۆلەرمەن ھالغا كېلىپ قالغان بىر ئېشەك تۇرغۇدەك، نەۋكەرلەر بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەن قىلمايلا قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئەھۋالنى نۇشىرۋان ئادىلغا ئېيتىپتۇ. شۇ ئەسنادا قوڭغۇراق يەنە چېلىنىپتۇ. نۇشىرۋان ئادىل:

— قوڭغۇراق بىكارچىر چېلىنمايدۇ، ئېشەكنىڭ دەردى بولمىسا قوڭغۇراق تۈۋرۈكىگە سۈركەلمەيدۇ. بېرىڭلار، ئېشەكنى دەررۇ ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ نەۋكەرلەرنى يەنە بۇيرۇپتۇ.

ئېشەك كەلتۈرۈلۈپتۇ. نۇشىرۋان ئادىل ئېشەككە مەخسۇس كۈتكۈچى بەلگىلەپ، ئۈچ ئاي بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئېشەك ئاۋۋالقى ھالىغا كېلىپ، سەمرىپ، تۈكلىرى پارقىراپ، شوخلىشىپ ھاڭگىرىغىلى تۇرۇپتۇ. ھەر قانداق كىشى بۇ ئېشەكنى كۆرسە قىزىقىدىغان، ئۇنى بىر مىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بوپتۇ. نۇشىرۋان ئادىل ئېشەكنى قوڭغۇراق ئېسىلغان تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇشنى، ئىگىسىنىڭ ئۇنى تونۇۋېلىشنى جاكارلاپتۇ. كىشىلەر ئېشەكنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ، ھەر خىل مۇلاھىزە قىلىشىپتۇ. بىر نەچچە مەككار «ئېشەك مېنىڭ» دەپ توپ ئىچىدىن چىققان ئىكەن، بەلگىسىنى ئېيتالماي لەت بوپتۇ. بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ، ئېشەكنىڭ بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە ئۈچ ئاي ئىلگىرى بۇ ئېشەكنى باقالماي، قوغلاپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى دەپتۇ. نەۋكەرلەر ئۇنى نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

نۇشىرۋان ئادىل ئۇ كىشىنى جازالاپ ئۈچ كۈن ئاچ قويۇپتۇ ۋە ئاچلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، ئېشەكنى ياخشى باقىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەندىن كېيىنلا قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش شەھەر خەلقىگە ئاڭلىنىپ، ھەممە كىشىگە ئىبرەت بوپتۇ. پۇقرالار ئارىسىدا نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

## نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ھېكايە بىلەن قاراقچىلاردىن سىر ئېلىشى

بىر كۈنى نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا بىر سودىگەر ھال ئېيتىپ كەپتۇ:

— ئى، ئادىللىقنىڭ بۈيۈك يۇلتۇزى، كەرەملىك شاھىم، پېقىر مەرۋان ئېلىدىن كەلگەن سودىگەر ئىدىم. تۆگىلەر بىلەن ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن مال - دۇنيالىرىمنى شەھرىڭىزگە كەلگەندە قاراقچىلارغا ئالدۇرۇپ قويدۇم. سىزنىڭ زامانىڭىزدا قاراقچىلارنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەس ئىدىم، ئاللا مېنى بۇ پالاكەتكە گىرىپتار قىلدى، قاراقچىلارنى جازالاپ، مېنىڭ مېلىمنى ئېلىپ بەرسىڭىز، نامىڭىزدا ئاللادىن سىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەر ئىدىم، — دەپتۇ سودىگەر.

نۇشىرۋان ئادىل سودىگەرنى ئوبدان كۈتۈۋاپتۇ، ئۇنىڭغا ئايرىم خانىدان بېرىپ، بازار ئىچىدىن دۇكان بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇ ئىشقا ئالدىرىماسلىقنى، چۈنكى قاراقچىلارنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا يۈرمەستىن ئەل ئىچىدە يوشۇرۇن يۈرىدىغانلىقىنى، چوقۇم قاراقچىلارنى تېپىپ، مېلىنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كۈن، ھەپتە، ئايلار ئۆتۈپتۇ. نۇشىرۋان ئادىل بۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يۇرت ئارىلاپ، كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تىڭشاپ ئۈچ ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ كاتتا زىياپەت بېرىپ كۆڭلىگە

پۈككەن كىشىلەرنى، ئوردا ئەھكاملىرىنى، دانىشمەن - ئۆلىمالارنى ۋە ھېلىقى سودىگەرنى چىللاپتۇ. تۈرلۈك - تۈرلۈك ئويۇن - تاماشىلار بوپتۇ، نەچچە يۈز خىل يېمەكلىكلەر زىياپەتتىكىلەرنىڭ قورساقمەملىكىتىدە سەيلە قىپتۇ، تۈرلۈك مەي - شارابلار كىشىلەرنىڭ تومۇرلىرىدا چاپچىپ، قانلىرىنى قىزدۇرۇپ، ئەس - ھوشلىرىنى دولقۇنلىتىپتۇ. بۇ سورۇندا نۇشىرۋان ئادىل گۇمان قىلغان ئۈچ كىشى بار ئىكەن. قاراقچىلار سودىگەرنى كېچىسى بۇلىغاچقا، ئۇنى ھېچكىم تونۇمايدىكەن. نۇشىرۋان ئادىل ئويۇننى تېخىمۇ قىزىتىپ، ئۇنى تاڭغا ئۇلاش ئۈچۈن سودىگەرنى كېلىشىۋالغان گەپ بويىچە ھېكايە ئېيتىشقا بۇيرۇپتۇ. سودىگەر ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

## سودىگەرنىڭ ھېكايىسى

پادىشاھنىڭ بېغىدا ئىشلەيدىغان باغۋەن بوۋاينىڭ يەتتە ياشلارغا كىرگەن بىر شوخ ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ دادىسىغا ياردەملىشىپ دائىم باغدىن چىقمايدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ بالا باغدا ئويناپ يۈرگەندە پادىشاھنىڭ ئالتە ياشتىكى قىزى — كىچىك مەلىكە كېپىنەك قوغلاپ باغقا كىرىپ قاپتۇ. كىچىك مەلىكە قارىسا، باغدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن؛ ئۇلار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، قىز گۈللەرگە مەھلىيا بولۇپ، كېپىنەك قوغلاشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. گۈللەرنىڭ ئىچىدە بىر قىزىلگۈل چوغدەك جۇلالىنىپ، كىچىك مەلىكىنى ئۆزىگە تارتىۋاپتۇ. كىچىك باغۋەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ئىكەن، شۇڭا كىچىك مەلىكە كىچىك باغۋەندىن ئەدەب بىلەن سوراپتۇ:

— ئى بالا، ئاشۇ گۈلۈڭنى ئۈزۈۋالسام بولامدۇ؟

— چوڭ بولغاندا ماڭا تەگسەڭ ئۈزۈۋالغىن! — دەپتۇ بالا.

كىچىك مەلىكە خېلى ئويلىنىپ، ئاخىرى: «ماقۇل!» دەپ ۋەدە بېرىپتۇ ۋە گۈلنى ئۈزۈپ، قولىقىغا قىستۇرۇپ باغدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. باغۋەن بوۋايمۇ ئۆلۈپتۇ. بالا باغدىن ئايرىلىپ يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

كىچىك مەلىكە چوڭ بولۇپ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپتۇ. ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپلەردىن ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ ئاخىرى مەلىكىنى قوشنا ئەلنىڭ شاھزادىسىغا بېرىپتۇ. 40 كېچە - كۈندۈز شاھ ئوردىسى، چاھار باغلار، كوچا - كويلاردا نەغمە - ناۋا ئۈزۈلمەپتۇ. ئاشىقلار ھۆكمەت ئوقۇپتۇ، ھاپىزلار غەزەل ئوقۇپتۇ، دەرۋىشلەر سىر - ھېكمەت سۆزلەپتۇ، مەدداھلار جەڭنامىلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل سارايلىرىنى بېزەپتۇ، ئىشقىلىپ ناھايىتى كاتتا توي بوپتۇ، مەلىكىمۇ بۇنىڭغا ئەرزىيدۇ - دە، ئۇ ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق، چېچەن ئىكەن. خەيرىيەت، توينىڭ نەغمە - ناۋاسى پەسلەپ شاھزادىنىڭ ئىشقى مۇھەببەت كەپتىرى خاس ئۇۋىغا تارتىپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە مۇھەببەتتە سېھىرلەنگەن تۈن قوچىقىدا خاس ھۇجرىدا يالغۇز قاپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپەك رومىلىنى قايرىغان ئىكەن، ھوشىدىن كېتىشكە ئاز قاپتۇ، چۈنكى مەلىكە تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن. شاھزادە سۆيۈشكە تەمشەلگەن ئىكەن، مەلىكە ئۇنى توسۇپ:

— شاھزادەم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، سىزگە بىر گېپىم بار، ئېيتسام بولۇرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېيتىڭ مەلىكەم، — دەپتۇ شاھزادە.

مەلىكە ئۆزىنى رۇسلاپ شاھزادىگە مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئاتامنىڭ ئەمرى بىلەن سىزگە خوتۇن بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. ھازىر مەن ۋەدەمگە بىۋاپالىق قىلىۋاتىمەن، شۇڭا

يۈرىكىم قىينىلىۋاتىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئالتە ياشلاردىكى ۋاقتىمدا بىر باغۋەننىڭ ئوغلىغا چوڭ بولغاندا تېگىشكە ۋەدە قىلغان ئىدىم. ئۇ بالا ۋەدىسىدە تۇرۇپ مېنى ساقلاۋاتقان بولسا، ئاللا بۇ گۇناھىمنى كەچۈرەرمۇ؟ شۇڭا، مەن شۇ بالىنىڭ كۆڭلىنى بىر بىلىپ باقسام، دەپ سىزدىن ئىجازەت كۈتۈپ تۇرىمەن.

شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياۋايى نەپسىنى بېسىپ مەلىكىگە ھەيران بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالتە ياش ۋاقتىدىكى ۋەدىسىدە تۇرغانلىقىغا كۆڭلىدە تەھسىن ئوقۇپ:

— بېرىڭ، باغۋەننىڭ ئوغلىغا ئېيتىڭ، ئەگەر ئۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ سىزنى ئالىمەن دېسە، بۇ توي ئىككىڭلارنىڭ بولسۇن، مەن سىزگە ئاكا بولاي، ئۇ ئىجازەت بەرسە مەن سىزنى ئالاي، — دەپتۇ.

مەلىكە خۇشال بولۇپ ئۇچقۇر ئاتتىن بىرنى مىنىپ باغۋەننىڭ ئوغلىنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ، كېچىسى شەھەردىن چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلار مەلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، تالاش-تارتىشقا چۈشۈپ قاپتۇ. مەلىكە قاراقچىلارغا ئەھۋالنى ئېيتقان ئىكەن، ئۇلارنىڭ تاشتەك دىللىرى يۇمشاپ، «تويى بولۇۋاتقان يىگىت مۇشۇ قىزنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، شېرىن نەپسىدىن كەچكەندىن كېيىن بىزمۇ قويۇۋېتەيلى، بۇ قىز ئۇ باغۋەننىڭ ئوغلىنى تېپىپ سۆزلىشىۋالسۇن!» دېيىشىپ قىزنى قويۇۋېتىپتۇ.

مەلىكە دەريا، چۆللەردىن ئۆتۈپ، بىر تاغقا يېتىپ بارغاندا، بەش بۆرە ئۇنىڭ يولىنى توراپتۇ، ئاچ قالغان بۆرىلەر ئۇنىڭغا ئېتىلغاندا، مەلىكە يىغلاپ تۇرۇپ، ئەھۋالنى ئېيتقان ئىكەن، بۆرىلەرنىڭمۇ رەھمى كېلىپ، مەلىكىگە يول بېرىپتۇ.

مەلىكە ئاخىرى باغۋەننىڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. بۇ چاغدا باغۋەننىڭ ئوغلى شېرىن ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئويغىنىپ: «بۇ كىمدۇ؟» دەپ ھەيران بوپتۇ. مەلىكە ئىشىكنى يەنىمۇ قاتتىقراق چېكىپتۇ.

— كىم؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ باغۋەننىڭ ئوغلى.

— مەن، پادىشاھنىڭ قىزى، ئىشىكنى ئېچىڭ، — دەپتۇ مەلىكە.

باغۋەننىڭ ئوغلى ھەيران بولۇپ ھەم قورقۇپ ئىشىكنى ئېچىپ، مەلىكىنى تونۇيالماپتۇ.

— سىز كىم بولىسىز، مېنىڭدە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ باغۋەننىڭ ئوغلى.

— ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ، — دەپتۇ مەلىكە، — بىزنىڭ باغدا ئىشلىگەن ۋاقتىڭىزدا بىر گۈل ئۈچۈن مېنى ئالىدىغانغا ۋەدە ئالغان ئىدىڭىزغۇ؟ شۇندىن بۇيان سىزنى كۆرمىدىم! سىزمۇ مېنى ئىزدىمىدىڭىز. بۈگۈن مېنىڭ تويۇم، شاھزادە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان كۈنۈم. سىزگە مەن ۋەدە بەرگەچكە، ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ، شاھزادىدىن ئىجازەت ئېلىپ بۇياققا كەلدىم. شاھزادەم: «باغۋەننىڭ ئوغلىدىن سوراپ كېلىڭ، ئۇ سىزنى ئالمىسا مەن ئالاي، ئالسا بۇ توي شۇنىڭ بولسۇن!» دېدى. شۇڭا سىزدىن سورىغىلى كەلدىم، — دەپتۇ مەلىكە.

باغۋەننىڭ ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ ۋە:

— بۇ ئىش ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرمەيدۇ. مەلىكەم، ئۇ بالىلىق چاغدىكى ئوينىشىپ ئېيتىپ قويغان سۆز ئىدى، مەن سىزنى قانداقمۇ ئالالايمەن. مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق مەرد يىگىتنى كۆرگىنىم يوق. تويى بولۇۋاتقان كېچىسى سىزنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن مەرد يىگىت ئىكەن. رەھمەت، مەن سىزگە

ئاكا بولاي، سىزنى شاھزادىگە ئۆز قولۇم بىلەن بېرەي، — دەپ مەلىكىنى باشلاپ بېرىپ، شاھزادىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە كۆڭۈل يىپلىرىنى باغلاپ، توينىڭ شېرىن شەربىتىنى ئىچىپتۇ.

سودىگەرنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلىشىپ، تۈن تەڭ بوپتۇ. مەي - شارابلار ئارقا - ئارقىدىن قۇيۇلۇپ، ئويۇن ئەۋجىگە چىقىپتۇ. ھېكايە ئاخىرلاشقاندا نۇشىرۋان ئادىل سورۇن ئەھلىگە:

— بۇ تولىمۇ قىزىقارلىق ھېكايە ئىكەن. شاھزادە ھەقىقەتەن مەرد يىگىت ئىكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ مېھمانلار، — دەپ ھېلىقى گۇمانلىق ئۈچ مېھمانغا قاراپتۇ.

بۇ ئۈچ مېھماننىڭ بىرى كەيپىلىكتە:

— پادىشاھنىڭ ئوغلى ئەخمەق ئىكەن، — دەپتۇ، - بىر ياستۇققا باش قويىدىغان چاغدىمۇ قىزنى چۆل - باياۋانغا يالغۇز قويۇپ بېرەمدۇ، ئەگەر مەن بولغان بولسام، شۇ كېچىسى ھەرگىز قويىنۇمدىن چىقارمىغان بولاتتىم.

— يولدىكى قاراقچىلارمۇ ئەخمەق ئىكەن، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — ئەگەر مەن بولسام، ئېتى بىلەن كىيىم - كېچەكنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، قىزنى ئۆزۈم ئېلىۋالغان بولاتتىم.

— تاغدىكى بۆرىلەرمۇ ئەخمەق ئىكەن، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى، — ئەگەر مەن بۆرى بولۇپ قالغان بولسام، ئېتىنى يېمىگەن تەقدىردە قىزنى يەۋەتكەن بولاتتىم.

— ھېلىقى باغۋەننىڭ ئوغلىمۇ ئەخمەق بولمىسا، — دەپتۇ يەنە بىرىنچىسى كېيىنگە قانائەت قىلماي، — چىرايلىق بىر قىز كېچىسى ئۆيىگە ئىزدەپ يالغۇز كەلسە، شۇ كېچىسى خوتۇن قىلماي قويۇۋېتەمدۇ!

بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان نۇشىرۋان ئادىل:

— يىگىتلەر، بۈگۈن ئۈچ ئاي بولدى، بىزنىڭ شەھەرگە كەلگەن بىر سودىگەرنىڭ مېلىنى سىلەر بۇلاپ كېتىپسىلەر، بېرىۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئۈچ مېھمان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە ئاندىن:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، بىز ئەزىز مېھمانلىرى، بىز قانداقچە ئوغرى - بۇلاڭچى بولايلى، — دېيىشىپتۇ.

— ئەگەر سەنلەر قاراقچى بولۇشمىساڭ، سودىگەرنىڭ ھېكايىسىغا شۇنداق تەبىر بېرىشمەسىدىڭ، راستىڭنى ئېيتىش! — دەپ بىر ھەيۋە قىلغان ئىكەن، قاراقچىلار نائىلاج ئىقرار قىلىشىپتۇ.

سودىگەر بۇلانغان ماللىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئادىل شاھ نۇشىرۋانغا كۆپ تەشەككۈر بايان قىپتۇ.

---

توپلاپ قەلەمگە ئالغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا

* * *

سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان ئەمىر ناسىر ئەھمەد سامانىينىڭ مۇئەللىمى ئۇ ياش چېغىدا تەلىم بېرىۋېتىپ، كۆپ قېتىم ئەدەب تايىقى بىلەن ئۇرغان ئىكەن.

ئەمىر ناسىر: «خەپ، مەنمۇ بىر كۈنى سۇلتان بولسام، جاجاڭنى بەرمىسەم» دەپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىكەن.

بىر كېچىسى ئۇ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ يېتىپ مۇئەللىمى يادىغا چۈشۈپتۇ ۋە تېزلا بويىي ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ چىقىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ مۇلازىملىرىدىن بىرسىگە باغدىن بەھى دەرىخىنىڭ نوتىسىدىن ئون تال كېسىپ كېلىشنى، ئىككىنچىسىگە مۇئەللىمىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

مۇلازىم مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. مۇئەللىم:

— سۇلتان قانداق ئەھۋالدا مېنى ئەسلەپ

قالدى؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، مۇلازىم شۇنداق دەپتۇ:

— بىر مۇلازىمغا بىھى دەرىخىدىن ئون تال چىۋىق كېسىپ كېلىشنى، ماڭا سىزنى تېپىپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى.

مۇئەللىم ئەمىر ناسىرنىڭ ئۆزىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە يولدا باققالنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، بىر دىنارغا ئەڭ ياخشى بىھىدىن ئېلىپ، يەڭگىگە يوشۇرۇپتۇ.

مۇئەللىم ئەمىر ناسىرنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، ئۇ چىۋىقنى كۆرسىتىپ:

— بۇنىڭغا نېمە دېيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھازىر دەي — دەپتۇ مۇئەللىم ۋە قولىنى يەڭگىگە تىقىپ ھېلىقى بىھىنى ئېلىپتۇ - دە، پادىشاھقا قاراپ، — ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— ئېيت، — دەپتۇ ئەمىر ناسىر.

— مانا بۇ بىجىرىم ۋە خۇش پۇراق مېۋە ئەنە شۇ چىۋىقتىن ھاسىل بولغان...

* * *

بەھرام گور زامانىسىدا ئىلىم - ھېكمەتتە تەڭدىشى يوق بىر ھەكىم بار ئىكەن.

بەھرام ئۇنىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ھەكىمنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ، ھەر ساھەدە ئۇنى ئىمتىھان قىلىپ كۆرۈپتۇ. ھەكىم بەھرام بەرگەن ھەممە سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپتۇ.

بەھرام ئۆزىچە: «ئۇنى ۋەزىر قىلىۋالسام بولىدىكەن، لېكىن ئاۋال ھىممىتىنى ۋە ئەدەب - ئەخلاقىنى بىر سىناپ بېقىش كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. ھەكىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەپ باقماقچى بولۇپ، ئالدىغا قورۇلغان توخۇ گۆشىنى ئېلىپ كېلىپ قويۇپتۇ.

ھەكىم بىر توخۇنى زور ئىشتىياق بىلەن يەپ، ئىككىنچىسىگە قول سوزۇپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ بەھرام ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ: «بۇ ئادەمنىڭ نەزەرى ناھايىتى پەس ئىكەن. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا توخۇنى شۇنداق يېسە، مېنىڭ يوقلۇقىمدا مال - مۈلۈكنى قانداق سوقىدىكەن؟»

نەتىجىدە ھەكىم ئاچكۆزلۈك ۋە ئەدەبسىزلىكىنىڭ ئاقىۋىتىدە ۋەزىرلىكتىن مەھرۇم قالغان ئىكەن.

* * *

بەسرالىق بىر باينىڭ نۇرغۇن قويى بار ئىكەن. ھەر كۈنى ساغلىقلارنى ساغدۇرۇپ سۈتىگە سۇ قوشۇدىكەن. بىر كۈنى چوپان ئۇنىڭغا:

— ھاجىم، خىيانەت قىلمىسىلا، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ، — دەپتۇ. باي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىلار تاغ باغرىدا ئوتلاپ يۈرگەندە قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ - دە، سەل كېلىپ قويلارنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ.

كەچقۇرۇن چوپان قۇرۇق يېنىپ كەپتۇ.

— قويلار قېنى؟ — دەپتۇ باي.

— ئەي ھاجىم، سۈتكە قوشقان ئاشۇ سۇلار يىغىلىپ سەلگە ئايلاندى - دە، قويلارنى ئېقىتىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭغا چوپان.

* * *

خۇسراۋ زامانىسىدا شاھلار يەيدىغان بەزى تاماقلارنى پۇقرالارنىڭ يېيىشى مەنئى قىلىنغان ئىكەن. ئەگەر ئۇ تاماقنى ئاۋام خەلقتىن بىرەر ئادەمنىڭ يېگىنى مەلۇم بولۇپ قالسا قاتتىق جازالىنىدىكەن.

بىر ئادەم پادىشاھقا يېقىن بىر ياساۋۇلنى مېھمان قىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا پادىشاھلار يەيدىغان ئېسىل تاماقلارنى قويۇپتۇ.

ياساۋۇل بۇ ئۆيدىن چىقىشى بىلەنلا قەغەز - قەلەم ئېلىپ: «مەن پالانچىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم، داستىخانىغا پادىشاھلارغا خاس ئېسىل تاماقلارنى قويدى؛ ئەزبىرايى پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە ئىخلاسىم يۇقىرى

بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھادىسىنى مەلۇم قىلىۋاتىمەن» دەپ يېزىپتۇ.

خۇسراۋ قەغەزنىڭ كەينىگە شۇنداق دەپ يېزىپتۇ: «بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئېيتىدىغان ئەرزان ئاپىرىن - تەھسىنىم يوق، ئەمما ئۇ ئادەمنى پادىشاھلار يەيدىغان تاماقنى پىشۇرغىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سەندەك نائىنساپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدىغان، ياخشىلىققا يامانلىقنى راۋا كۆرىدىغان تۇزكورنى مېھمان قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالايمەن.»

* * *

سوقراتنى قەتل قىلىشقا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىكەن، بىر ئايال ئۇنى كۆرۈپ:

— ۋايجان! بۇلار سەن بىچارىنى بىگۇناھ ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ — دەپ يىغلىۋېتىپتۇ.

سوقرات ئۇنىڭغا:

— ئەي تەنتەك، سەن مېنىڭ بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، شۇ گۇناھىم ئۈچۈن قەتل قىلىنىشىمنى ۋە ئالەمدىن گۇناھكار بولۇپ كېتىشىمنى خالايدىكەنسەن-دە؟ — دەپتۇ.

* * *

بىر دانىشمەننىڭ قىزىغا ئىككى كىشى - بىر باي بىلەن بىر كەمبەغەل ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. دانىشمەن قىزىنى كەمبەغەل يىگىتكە بېرىپتۇ. دوستلىرى ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سورىسا، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— باي يىگىتنىڭ ئەقىل - پاراسىتى كەمراق كۆرۈنىدۇ، ئۇزاققا قالماي مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. كەمبەغەل يىگىت بولسا زېرەك ۋە ئەقىللىق ئىكەن. ئەقلى بار ئادەمنىڭ چاپسانلا بېيىپ كېتىشىگە ئىشەنچ قىلسا بولىدۇ.

* * *

بىر دانىشمەندىن:

— قايسى ھادىسە پۇقرانى بىردەك خۇشال قىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇستەبىت، زالىم پادىشاھنىڭ ئۆلۈ-مى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دانىشمەن.

* * *

ئارىستوتېل ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە نەسىھەت قىلىپ:

— ئۆز سىرىڭنى زادىلا ئىككى ئادەمگە ئېيتما. ناۋادا سىرىڭ ئاشكارا بولۇپ قالسا، بۇ ئىككى كىشىدىن قايسىبىرىسىنىڭ ئاغزى بوشلۇقىنى ئېنىقلاش قىيىن. ئىككىسىگە جازا بەرسەڭ، ئاغزى چىڭ ئادەمنى ئەدەبلىگەن بولىسەن. ئەگەر ئىككىسىنىلا كەچۈرۈۋەتسەڭ، بىگۇناھ ئادەمنى ھاقارەتلىگەن بولىسەن، چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭغا مۇھتاج ئەمەس.

* * *

بىر بەتقىلىق بالىنىڭ يولدا كېتىۋاتقانلارغا تاش ئاتقانلىقىنى كۆرگەن دانىشمەن شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بالا، ئېھتىيات قىل، ئاتقان تېشىڭ بېرىپ يەنە ئۆز ئاتاڭغا تەگمىسۇن.

* * *

بىر كۈنى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى دىئوگېندىن كىشىلەر:

— ئالەمدە ئەڭ مۇشكۈل ئىش نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزىنى بىلىش ۋە سىر ساقلاشتىن مۇشكۈل ئىش يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

* * *

ئادەملەر ئارىستوتېلدىن:

— سەن باشقىلاردىن قايسى ئالاھىدىلىكىڭ بىلەن پەرقلىنىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بەزىلەر يەپ - ئىچىش ئۈچۈن ياشىسا، مەن ياشاش ئۈچۈن يەپ - ئىچىمەن، — دەپتۇ ئارىستوتېل.

* * *

سوقرات بىر باي بىلەن يولغا چىققان ئىكەن، يولدا قاراقچىلار ماراپ يۈرۈيدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ.

باي:

— ئاپلا، خۇدا ئۇردى! ئۇلار مېنى تونۇپ

قالسا قانداق قىلارمەن، ـ دېسە، سوقرات:

ـ ئاپلا، خۇدا ئۇردىا! ئۇلار مېنى تونۇماي قالسا قانداق قىلارمەن، ـ دەپتۇ.

* * *

ئەپلاتون شۇنداق دېگەن ئىكەن:

ـ نادانىڭ نادانلىقىنى ئىككى ئىشى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ: بىرىنچىسى، گېپى تۇتۇرۇقسىز بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، جاۋابى تەكرار بولىدۇ.

* * *

ئارستوتېل شۇنداق دېگەن ئىكەن:

ـ مەست ئادەم كۆرمەي دەسسىگەن تىكەنىڭ دەردىنى سەزمىگەندەك، نادانمۇ نادانلىقىدىن زارلانمايدۇ.

* * *

بۇزۇر جىمھىر شۇنداق دېگەن ئىكەن:

ـ ھايات ئاجايىپ نەرسە: كىم سېنى سۆيسە، ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلىق قىلىسەن! كىمكى سېنى ياراتمىسا، ئۇنىڭغا پەرۋانە بولغۇڭ كېلىدۇ.

* * *

بىر دانىشمەن شۇنداق دېگەن ئىكەن:

ـ نادانغا ياخشىلىق قىلغان ئادەم يا چوشقىنىڭ بويىنىغا مەرۋايىت ئېسىپ قويغان ياكى زەھەرلىك يىلاننى ھەسەل بىلەن بېقىۋاتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

* * *

بۇزۇر جىمھىردىن:

ـ نېمىشقا دوستنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇش ئاسانۇ، دۈشمەنىنىڭ دوست بولۇشى قىيىن، ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ ئىمارەتنى بۇزۇش سېلىشتىن، قاچىنى سۇندۇرۇش ياساشتىن، پۇلنى خەجلەش تېپىشتىن ئاسان ـ دە، ـ دەپتۇ ئۇ.

* * *

بۇزۇر جىمھىر زىنداندا ياتقاندا دوستلىرى ئۇنىڭدىن:

ـ مۇشۇنداق بەختسىز كۈنلەردە ئۆزۈڭگە قانداق تەسەللىي بېرىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ تۆت كەلىمە ھېكمەتلىك سۆزنى تەكرارلاۋاتىمەن، ـ دەپتۇ ئۇ. ـ بىرىنچىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پېشانەمدىن كۆرۈۋاتىمەن. دېمەك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، بۇ كۈلپەت ھەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ چىدىماي، سەۋر قىلماي ئامال يوق. ئۈچىنچىسى، بۇ تېخى قانچىلىك دەرد ـ ئەلەم ئىدى، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنگە قېلىشىم مۇمكىن. تۆتىنچىسى، ئېھتىمال بۇ بەختسىزلىكتىن بۈگۈن، ئەتە قۇتۇلارمەن، بەلكى ئاللىقاچان قۇتۇلغاندۇرمەنۇ، ئۆزۈم تېخى خەۋەر تاپمىغاندىمەن.

* * *

شاھ شاھپۇر مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ـ بەش نەرسە ھەر قانداق شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ، ئۇلار:

غالىب شاھ، ئادىل قازى، ئاۋات بازار، ئۇستا تېۋىپ ۋە سۈيى مول دەريا.

* * *

بىر دانىشمەن شۇنداق دېگەن ئىكەن:

ـ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىزار قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بەش تايىپىسى مەۋجۇت:

1. باشقىلارغا ئەقىل ئۆگەتمەكچى بولغان نادان.

2. ئىسمى بار جىسمى يوق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ئادەم.

3. خادىملىرى بىلەن مەسلىھەت قىلمايدىغان پادىشاھ.

4. قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېپىشقان ئادەم.

5. ھەممە ئادەمنى ئەخمەق قىلىمەن، دەپ ئويلايدىغان ساختىپەز.

* * *

بىر دانىشمەندىن:

ـ ئەخمەق بىلەن قارىغۇنىڭ نېمە پەرقى

بارا – دەپ سوراپتۇ.

– قارىغۇ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقىنى بىلمىگەندەك، ئەخمەقمۇ ئەقىل – ئىدراك بىلەن بىمەنىلىكنىڭ پەرقىنى بىلمەيدۇ، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دانىشمەن.

* * *

كىشىلەر بىر دانىشمەندىن:

– قانداق ئادەمنى ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلاش مۇمكىن، – دەپ سوراپتۇ.

– نەپسىنى يىغالايدىغان، خاتا يولدىن ھەزەر ئەيلىيەلەيدىغان ئادەمنى، – دەپتۇ دانىشمەن.

* * *

بىر دانىشمەن شۇنداق دېگەن ئىكەن:

– ئاغزىڭدىن چىقمىغان سۆز سېنىڭ ئەسىرىڭ، ئاغزىڭدىن چىقتىمۇ، بولدى، سەن ئۇنىڭغا ئەسىرگە چۈشىسەن.

* * *

بىر دانىشمەن شۇنداق دەپتۇ:

– ئۆزۈڭدىن چوڭ بىلەنمۇ، كىچىك بىلەنمۇ زادى ئېغىز - بۇرۇن يالاشما، بۇ خۇلقىڭ چوڭغا مالال كېلىشى، كىچىك بولسا بۇمۇ چاغلىق ئىكەنغۇ، دەپ سېنى پەسەنت قىلماي قويۇشى مۇمكىن.

* * *

ئۆچكە ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ، بۆرىگە تىل سېلىشقا باشلاپتۇ.

بۆرى ئۇنىڭ ئىنچىكە ئاۋازىغا بىردەم قۇلاق سېلىپ تۇرۇپتۇ - دە، كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

– ھەي ئۆچكە باتۇر، ئۇنچىۋالا يوغان سۆزلەپ كەتمە! بۇ جاسارەتلىك سۆزلەر سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئەمەس، ئولتۇرغان يېرىڭدىن چىقىۋاتىدۇ.

* * *

بىر پادىشاھ بىر دانىشمەننىڭ ھەمراھلىقىدا خارابىلىقتا ئايلانغان يېزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن، تۇيۇقسىز پادىشاھنىڭ كۆزى ئۆزئارا نېمىدۇر بىر نېمە ھەققىدە سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىككى قۇشقا چۈشۈپ قاپتۇ.

– سەن قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتىڭ، – دەپتۇ پادىشاھ دانىشمەنگە، – بۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟

– چۈشىنىشىنغۇ ئانچە - مۇنچە چۈشەندىم، ئەمما سىزگە ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ.

– ئېيت، نېمىدىن قورقىسەن! – دەپتۇ شاھ.

– ئاچچىقلانمامسىز؟ – سوراپتۇ دانىشمەن.

– ياق!

– قۇشلاردىن بىرسىنىڭ بويىغا يەتكەن ئوغلى، ئىككىنچىسىنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى بار ئىكەن. بۇلار ئۆزئارا قۇدا بولۇشماقچى ئىكەن. ئىككىنچى قۇش قىزىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن خارابىغا ئايلانغان يېزىدىن يۈزنى بەرمەكچى. كۈيئوغۇلنىڭ ئانىسى بولسا، يۈز يېزا ئازلىق قىلىدۇ، دەپ ئۇنىمايۋېتىپتۇ. ئىككىنچى قۇش قۇدىسىنى كۆندۈرۈش مەقسىتىدە شۇنداق دەۋاتىدۇ:

– خاتىرجەم بول، ھازىرقى پادىشاھ ئامان بولسا، بىر يىلدىن كېيىن مەن ساڭا خارابىغا ئايلانغان يېزىدىن مىڭنى سوۋغا قىلىمەن.

* * *

تايغان ئاھۇنى قوغلاپتۇ.

– ماڭا يېتەلمەيسەن! – دەپتۇ ئاھۇ.

– نېمىشقا؟ – دەپ سوراپتۇ تايغان.

– چۈنكى مەن ئۆزۈم ئۈچۈن قاچىمەن، سەن بولساڭ بويىنۇڭدىن باغلىغان ئىگەڭ ئۈچۈن مېنى قوغلايسەن، مەڭگۈ تۇتالمايسەن، تۇتۇلمايمەن، بۇ – تەقدىرنىڭ قىسمىتى.

* * *

ئۈچ پىخسىق بىر ھۇجرىنى ئىجارىگە ئېلىپتۇ. ئۇلار چىراغ يېغىنى ھەممىشە بىللە ئالىدىكەن. بىر كۈنى چىراغ يېغى ئېلىشقا بىرسىنىڭ پۇلى يەتمەپتۇ. ئىككىسى نېمە قىپتۇ دەڭ؟ پۇل بەرمىگەن ھەمراھىنىڭ كۆزىنى

تېگىشىۋېتىپ ئانىدىن چىراغنى يېقىپتۇ. پەقەت چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئورۇنلىرىغا كىرىپ ياتقاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپتۇ.

* * *

بىر پىخسىق پەقەت يېرىم كېچە بولغاندىلا تاماق يەيدىكەن.

— نېمىشقا شۇنداق بىمەھەلدە تاماق يەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ كىشىلەر ئۇنىڭدىن.

— بۇ چاغدا چىۋىن بولمايدۇ. مۇھىمى، بۇ چاغ بولغاندا، ھېچكىم ئىشىكىمنى تاقىلدىتىپ كىرىپ كەلمەيدۇ، — دەپتۇ پىخسىق.

* * *

بىر پىخسىق قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. شۇنچە كۆپ دورا - دەرمەك ئىچسىمۇ تەرلىمەپتۇ. مۇلازىملىرى نېمە قىلىشىنى بىلمەي تېۋىپقا مۇراجىئەت قىلىپتۇ.

— ئۇنىڭ ئالدىدا ياغلىق قاتلىما يەڭلار، بۇنى كۆرۈپ ھېچقانداق دورىسىز دەرھال تەرلەيدۇ، — دەپتۇ ھەكىم.

---

تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت

## ھېكمەتلەر

△ قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ئاپىتى — «ياخشىلىق قىلدىم» دەپ ماختىنىپ يۈرۈشتە.

△ ھەسەت — يۈرەكنى زەھەرلىگۈچى، قارىلىق - مەغلۇبىيەتنىڭ ئانىسىدۇر.

△ قورقۇنچاق دوست ياۋۇز دۈشمەندىن يامان.

△ مەرد ئۆزىدىن، نامەرد ئۆزگىدىن كۆرىدۇ.

△ ھورۇنلۇق مۇھتاجلىقنىڭ ئىپتىداسىدۇر.

△ سۈكۈت - سالامەتلىكنى، ياخشىلىق - ئىززەت ۋە ئابرۇينى، سېخىيلىق - ئۇلۇغلۇقنى كەلتۈرىدۇ.

△ ھەقىقىي ئالىم ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن ماختانمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۆزىدىن زور ئالىم ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ.

△ مېھنەتسىز كەلگەن راھەت تۇزسىز ئاشقا ئوخشايدۇ.

△ دۇنيادا ئاقىلانە سۆز ۋە ياخشى نامدىن باشقىسى ئۇنتۇلىدۇ.

△ ئۆزى چۈشەنمىگەن سۆزگە ئاردلاشقان كىشى — بىھۇدە ئوق ئۈزگەن ئوۋچىغا ئوخشايدۇ.

△ پەرزەنت ئالغان تەربىيىسىگە قاراپ ئاتا - ئانىسىغا راھەت ياكى جازا كەلتۈرىدۇ.

△ بەخت - ئىقبال ئاستا - ئاستا، بەختسىزلىك ناھايىتى تېز كېلىدۇ.

△ ۋەدىگە ۋاپا، نەسىھەتكە رىزا، ھەر بىر بەختسىزلىككە قارىتا چىداملىق بولۇش، ھەقىقەت ۋە توغرىلىققا رىئايە قىلىش — ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسىي تايانچلىرىدىن سانىلىدۇ.

△ دوستلارنىڭ ھەسىتى دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستىدىن ياماندۇر.

△ قېرىلار كۈچسىزلىك ۋە ئاجىزلىق، ياشلار بولسا تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلىق نەرسىلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

△ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئۆز كەمچىلىكىگە ئىقرار قىلمىغان پەرزەنت — ئۆز كېسىلىنى تېۋىپتىن يوشۇرغان بىمارغا ئوخشايدۇ.

---

ئۆزبېكچە: «ئەدەب ئالتۇندىن قىممەت» ناملىق كىتابتىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: قۇربان توختى

بىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىمنىڭ خىلى

«قۇتادغۇ بىلىك» دىن ئېلىندى

ساراڭلىق كىسىلى شەپقەت قوزغىتار،
نادانلىق كىسىلى نەپرەت قوزغىتار.

— جالالىددىن رۇمى

ئادىللىق ۋە سادىقلىق-
ئۆمۈرنىڭ ئەڭ قىممەت-
لىك بايلىقى

قىممەتلىك گۆھەردىن قىممەتلىك ھۈنەر،
ھۈنەر بولسا ئىشقا يارايدۇ گۆھەر.

— ئەبۇ شۇكۇر بەلخىي

ھايات ئۆزىنى ئۆگەنگەن ئادەملەرگىلا ئۆگىتىدۇ

ۋ. ئو. كىليۇچېۋسكى

ئىشنىڭ بېشى — ئىشنىڭ يېرىمىدىنمۇ كۆپرەك

— ئارىستو

قۇمۇل كۆلۈك مەشرىپى (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرەم سىزغان



《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文） «شىنجاڭ مەدەنىيتى» (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 1992 - يىل 1 - سان

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：《新疆日报》印刷厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）·

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65-1073/1

本刊代号：58-22 定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1

ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن